# ئەھمەد كامال ھەققىدە

## مۇندەرىجە


1. ئەخمەت كامالنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى ( راھىلە ئابدۇۋاھىد قەشقىرى..............2 ـ بەت

2. تۇرپان، پىچان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇڭغارلارغا قارشى كۆرەشلىرى ( مامۇت غازى )........37 ـ بەت

3. ئىمىشھىتىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى....................................46 ـ بەت

4. ھېرمان ۋامبېرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرى ( خەيرۇللا ئىسمەتۇللايېۋ. ئۆزبېكىستان )....50 ـ بەت

# مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىنىڭ ئاتۇشتىكى ئوقۇتقۇچىسى ـ تۈركىيەلىك ئەھمەد كامال ھەققىدە



رائىلە ئابدۇۋاھىد قەشقەرى[1]

قىسقىچە مەزمۇنى: مەمتىلى ئەپەندى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئوقۇرمەنلەرنى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاتۇشتىكى تۈركىيەلىك ئوقۇتقۇچىسى ئەھمەد كامال ھەققىدىمۇ مەلۇماتلارغا ئىگە قىلدى. ئەمما ۋەتىنىمىزدىكى ماتېرىياللاردا ئەھمەد كامال بىلەن مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر تولىمۇ يېتەرسىز ياكى بەزىلىرى توغرا ئەمەس. بىز بۇ ماقالىدە ئەھمەد كامالنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان 9 كىتابى ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك 3 كىتابى ھەمدە ئۇنىڭ باللىق ۋە ياشلىق دەۋرىنى بايان قىلغان 1 كىتابىدىكى مەزمۇنلارنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى، ھايات ھېكايىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر رايونى ۋە چىن چېگرىسى ئىچىدە تۇرغان 7 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە كۆرگەن بىلگەنلىرىدىن ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن ئورتاقلىششىقا بولىدىغان بەزى قىسىملىرىنى، كىچىك تېمىلارغا بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندى، ئەھمەد كامال، ئۇيغۇر، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى

مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۈرمىگە قامالغان ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق كىشىنىڭ 1937 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سەھەردە ياۋاغ تۈرمىسىدە مەۋلانوپ ۋە قادىر ھاجىلار تەرىپىدىن ئوقتا تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئوت قويۇلۇپ كويدۇرۇۋېتىلىش ۋەقەسى[2] ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلىك ۋەقەلەر ئىچىدە خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن بىلىنگەنلىرىدىن پەقەت بىرى ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن شەرەپ بىلەن قۇربان بولۇپ ئارىدىن 46 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1981 ـ يىلى تۇنجى قېتىم «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 3 ـ سانىدا بېسىلغان مىرئەخمەد سىيىتنىڭ «شائىر تەۋپىق»[3] ئىسىملىك ماقالىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقى مەمتىلى ئەپەندى ھەققىدە مەلۇماتلارغا ئىگە بولدى. بۇ ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنىشىدىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتى ۋە مەمتىلى ئەپەندى ھەققىدە تېخىمۇ تەپسىلى ئۈچۈرلار مەيدانغا چىقتى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھاياتى بىر كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى[4]. شېئىرلىرىمۇ ئايرىم بىر توپلام قىلىپ نەشر قىلىندى[5]. مەمتىلى ئەپەندى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئوقۇرمەنلەرنى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىش ئىزلىرى، دەۋرىنىڭ سىياسى ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇ دەۋرنىڭ مىللىي مائارىپى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان، ۋاقتىنى، جۇملىدىن ياشلىقىنىڭ يەتتە يىلغا يېقىن قىسمىنى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن سەرپ قىلغان تۈركىيەلىك ئوقۇتقۇچى ئەھمەد كامال ھەققىدىمۇ مەلۇماتلارغا ئىگە قىلدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى، ۋەتىنىمىزدىكى ماتېرىياللاردا ئەھمەد كامال بىلەن مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر تولىمۇ يېتەرسىز ياكى بەزىلىرى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئەھمەد كامال ھەققىدە ئۇنىڭ «ھەببىزادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى»دە ئوقۇتقۇچى بولغانلىقى، كېيىن يېڭى مەكتەپلەرنىڭ دۈشمىنى بولغان ئومەر باي، ئاخۇنباي قاتارلىقلارنىڭ قوتراتقۇلۇق قىلىشى نەتىجىسىدە تۈركىيەگە قايتۇرۇلماقچى بولىۋاتقاندا، ئاتۇش تېجەنلىك تەرەققىپەرۋەر سودىگەر قۇناجىم (قۇربان ھاجىم)نىڭ تېجەندىكى ئاق مەيدانغا ئۈچ سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالدۇرغانلىقى ۋە بۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغانلىقى بىلىنمەكتە[6]. يەنە بەزىلەر باھاۋۇدۇن باينىڭ ئۆز تەسىر كۈچىدىن پايدىلىپ، ئەھمەد كامالنى ياڭ زېڭ شىڭنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭ تۈركىيەگە قايتىپ كېتىشىگە ياردەم قىلغان، دەپ يازغان[7]. بۇ ماتېرىياللاردا ئەھمەد كامالنىڭ ھاياتى،

ئەسەرلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قىيىن كۈنلەر، تۈركىيەگە قانداق قايتقانلىقى توغرىلىق تەپسىلى ئۇچۇر يوق. بەزى ئۇچۇرلار توغرا ئەمەس. چۈنكى ئەھمەد كامال ئاتۇشقا 1914 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى يېتىپ كەلگەن. ئەمما ۋەتىنىمىزدىكى تەتقىقاتلاردا ئۇنىڭ ئاتۇشقا كەلگەن ۋاقتى 1907 ـ يىلى دەپ بىلىنىدۇ[8]. «ئۆمۈر داستانى»دا «تۈركىيەدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش مەكتىپى ئېچىش ئىككى قېتىم بولغان. بىرىنچى قېتىملىقى 1880 ـ يىللىرى، يەنە بىر قېتىملىقى 1910 ـ يىلى ئېچىلغان» دەپ يېزىلغان[9]. بۇ مەزمۇنلاردىن ئەھمەد كامالنىڭ 1910 ـ يىلى ئاتۇشقا كەلگەنلىكىنى چۈشۈنۈشمۇ مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، مەرھۇم تارىخچى ۋە يازغۇچى خېۋىر تومۇر ئەپەندى «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئەسىرىدە: «...قەشقەرنىڭ دوتىيى خاتىرجەم بولالماي ئەھمەد كامال ئەپەندىنى قەپەزگە سولاپ ئۈرۈمچىگە ئىبەرتىپ بەرگەن»[10]، دەپ يازغان. ئەسلىدە ئەھمەد كامال ئۈرۈمچىگە چېرىكلەرنىڭ نازارىتىدە ئاتقا مىنىپ بارغان.

ئەھمەد كامال ۋەتىنىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان مىللىي مائارىپ ئىسلاھاتىدا مەلۇم دەرىجىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان كىشىدۇر. سەيپىدىن ئەزىزى: «1934 ـ 1935 يىللىرى ئاتۇشتا مۇھەممەت ئېلى ئەپەندى (تەۋپىق) دىگەن ئادەم باشچىلىقىدا ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ مائارىپ ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ ئۈتۈقى، بىرىنچىسىنىڭكىدىن چوڭ بولدى. لېكىن شۇ بىرىنچىسى بولغىنى ئۈچۈن، شۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئىككىنچىسى بولالىدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئاشۇ بىرىنچى قېتىملىق مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ بىۋاستە تەربىيىسىنى ئالغان ياكى تەسىرىگە ئۇچرىغان ئادەملەر ئىدى.»، دەپ يازغان[11]. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان بىرىنچى قېتىملىق مائارىپ ھەرىكىتى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاتۇشتىكى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان مائارىپ ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋردىكى ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئەھمەد كامالنىڭمۇ بولغانلىقى، ھەتتا ئۇنىڭ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغانلىقى، [12]ئەھمەد كامالنىڭ ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئىسلاھاتىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەھمەد كامالنىڭ ئاتۇشقا كېلىشى، ئۇنىڭ تاللىشى ياكى قارارى بولماستىن بەلكى تۈركىيە زىيالىلىرىدىن زىيا گۆكئالپ ۋە تەلەت پاشا(گېنېرال)نىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى ئىدى. بىراق ئەھمەد كامال ۋەتىنىمىزدىكى

ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش جەريانىدا پەقەت ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. ئوقۇغۇچىلىرىغا بىلىم ئېلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا قىلغان خىزمەتلىرىگە سىڭدۈرگەن ئەجرى، كەسپىگە بولغان سۆيگۈسى ۋە ھۆرمىتى، ئېسىل ئەخلاق پەزىلىيىتى، قابىلىيىتى ئارقىلىق ياشلارغا ئۈلگە بولغان، ۋەتەنسۆيەر زىيالىيلارنىڭ، يۇرت چوڭلىرىنىڭ ۋە ئەلمگە تەشنا باللارنىڭ ھۆرمىتىگە، قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن.

ئەھمەد كامال ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ۋە نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتقان. بۇ تەپسىلاتلارنىڭ بىلىنىشى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى ئۈچۈن ھاياتىنى پىدا قىلىشتىن قورقمىغان بىر تۈركنىڭ قەلىمىدىن چۈشۈنىشىمىز نۇقتىسىدىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەھمەد كامالنىڭ ۋەتىنىمىزگە كېلىشتىن بۇرۇن ۋە تۈركىيەگە قايتقاندىن كېيىن يازغان ئەسەرلىرىدىن جەمئىي 9 كىتاپ نەشر قىلىنغان. بۇ كىتاپلار ھازىر تۈركىيەدە ساقلىنىۋاتىدۇ. ئوسمان تۈرك دۆلىتى دەۋرىدە ئىشلىتىلىدىغان ئوسمانلىچە (كونا ئۇيغۇر يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەرەپ يېزىقى ئاساسىدا) يېزىلغان ئەسەرلىرىنىڭ بەزىلىرىنى باشقىلار ھازىرقى تۈركىيە تۈركچىسىگە (لاتىن يېزىقىغا) ئايلاندۇرۇپ نەشر قىلدۇرغان. ئەھمەد كامالنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدە 3 كىتاپ ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتۇش، قەشقەر، كۇچا، ئۈرۈمچى ۋە شاڭخەيدە تۇرغان مەزگىللىرى ۋە بۇ شەھەرلەر ئارىسىدىكى سەپىرىدىن تارتىپ ئىستانبۇلغا كېلىشىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى 7 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ كىتاب، ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىدىكى ھاياتىنى ئاساسى مەزمۇن قىلغان.

بىز بۇ ماقالىدە ئەھمەد كامالنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان 9 كىتابى ئىچىدە مۇشۇ 4 كىتاپتىكى مەزمۇنلاردىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئۇيغۇرلار ۋە خەنزۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى، ھايات ھېكايىسىنى ۋە ئۇنىڭ بۇ 7 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىدىن ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن ئورتاقلىششقا بولىدىغان بەزى قىسىملىرىنى كىچىك تېمىلارغا بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

**1.** ئەھمەد كامالنىڭ ئەسەرلىرى

ئەھمەد كامالنىڭ ئەسەرلىرى ۋە بۇ ئەسەرلەرنىڭ تۈركىيەدىكى قايسى كۈتۈپخانىلاردا ساقلىنىۋاتلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار مۇنداق:

1) «مۇفاسسال مەئىس جەزىرەسىنىڭ تارىخى»، رودوس، 1327 (مىلادىيە 1911)، ئاپوللون مەتبەئەسى، 26 بەت. ئوسمانلىچە (ئەرەپ يېزىقى ئاساسىدا)؛

بۇ ئەسەر، ئاتاتۈرك ئۇنىۋېرستىتى كۈتۈپخانىسى، ئادنان ئۆتۈكەن كۈتۈپخانىسى، سەيفەتتىن ئۆزئەگە كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

2) «مىللىي قىرائەت»، ئىستانبۇل، 1331 ( مىلادى 1915)، ئىسلامىي كىتاپخانا، 77 بەت. ئوسمانلىچە؛

بۇ ئەسەر، مىللىي كۈتۈپخانا ۋە ئادنان ئۆتۈكەن كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

3) «ئۆچلۈك تۈيغۇلىرى»، ئىستانبۇل، 1331 (1915)، مەھمۇد ئەپەندى مەتبەئەسى، 16 بەت. ئوسمانلىچە؛

بۇ ئەسەر، ئاتاتۈرك ئۇنىۋېرستىتى كۈتۈپخانىسى، سەيفەتتىن ئۆزئەگە كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

4) «ۋەتەن باللىرىغا ئەللىي ناخشىسى»، ئىستانبۇل، 1331 (1915)، 16 بەت. ئوسمانلىچە؛

بۇ ئەسەر، ئاتاتۈرك ئۇنىۋېرستىتى كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

5) «ئىسپوراد ئاراللىرى ۋە قىسقىچە تارىخى»، نەشر قىلغۇچى: ئارىف ھىكمەت، 1331 (1915)، 55 بەت، ئوسمانلىچە، سەيفەتتىن ئۆزئەگە، فاتىھ مىللەت، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرستىتى ئەدەبىيات پاكۇلتىتى كۈتۈپخانىسى ۋە ئاتاتۈرك كىتاپلىقىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

بۇ ئەسەرنى دوكتور جامالەتتىن تاشقىران لاتىن يېزىقى بىلەن تەييارلاپ، ئەسلى نۇسخىسى بىلەن بىللە 1996 ـ يىلى ئەنقەرەدە، ھەربىي ئىشلار باش قوماندانلىقى نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرغان.

6) «چىن تۈركىستان خاتىرىلىرى»[13]، ئىزمىر، 1341 (1925) مەرىپەت مەتبەئەسى، 236 بەت، ئوسمانلىچە

بۇ ئەسەر 1920 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، يازغۇچىنىڭ ھەجمى ئەڭ چوڭ ئەسىرىدۇر. بۇ ئەسەردە، يازغۇچىنىڭ قەشقەردىكى يېڭى مەكتەپ ئېچىش ئىشلىرى، دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلىرى بايان قىلىنىپلا قالماستىن يەنە

قەشقەرنىڭ، كۇچارنىڭ، ئۈرۈمچىنىڭ ئەنئەنىلىرى، ئۆرپ ئادەتلىرى، جۇغراپىيىسى، تارىخى ھەققىدىمۇ مۇھىم ئۇچۇرلار بېرىلگەن.

بىرىنجى شەخسنىڭ ئاغزىدىن بايان قىلىنغان بۇ ئەسەرنى، نەجدەت ئۆكلەم «70 يىل ئەۋۋەلقى چىن تۈركىستانى ـ ئەھمەد كامالنىڭ خەتەرگە يولۇققان چاغلىرى» دېگەن نام بىلەن، ئۈچىنجى شەخسنىڭ ئاغزىدىن بايان قىلىنغان ئەسەرگە ئۆزگەرتىپ، بەزى يەرلىرىنى قىسقارتىپ، 1984 ـ يىلى ئىزمىردە 131 بەت قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. ن. ئەھمەت ئۆزئالپ، 1996 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىستانبۇلدىكى كىتابخانا نەشرىياتىدا لاتىن يېزىقى بىلەن نەشر قىلدۇرغان. ن ئەھمەت ئۆزئالپىنىڭ ھازىرلىغان لاتىنچە نۇسخىسى ئىستانبۇل بەيازىت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

7)«شاڭخەي خاتىرلىرى»، ئىستانبۇل، 1939 ـ يىلى، قەدەر نەشرىياتى، 116 بەت

بۇ كىتاپتا 15 پارچە رەسىم بار. ئەھمەد كامالنىڭ شاڭخەيدىكى ھاياتى ۋە ئىستانبۇلغا كەلگىچە بولغان سەپەر سەرگۈزەشتىسى بايان قىلىنغان. شاڭخەيدىكى ياپونلار ۋە تۇڭگانلارغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ 5 ـ 45 بەتلىرىدىن باشقا مەزمۇنلار، 1955 – يىلى نەشر قىلىنغان «تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدا ئۇنۇتۇلمىغان خاتىرىلەر» ماۋزۇلۇق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن.

😎«تۈركىستان ۋە چىن يولىرىدا ئۇنۇتۇلمىغان خاتىرىلەر»، زارىف ئىش مەتبەئەسى، ئىستانبۇل، 1955 – يىلى ، 236 بەت

بۇ ئەسەردە بىر خەرىتە، 24 پارچە رەسىم بار.

9)« بىر يېتىم باللىنىڭ ھاياتى»، ئىستانبۇل، 1962، ھاملە مەتبەئەسى، 40 بەت.

بۇ ئەسەر 1912 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، يىرىم ئەسىردىن كېيىن نەشر قىلىنغان. شۇڭا بۇ ئەسەر سايىسىدە ئەھمەد كامالنىڭ باللىق، ياشلىق دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى بىلەلەيدۇق. شاڭخەيدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ھاياتى ھەققىدە يېزىلغان ماتېرىيال بولمىغاچقا، ۋاپاتىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تەپسىلاتلارنى بىلەلمىدۇق.

دوكتور ئەھمەت گېدىكلى، «چىن تۈركىستان خاتىرلىرى» ۋە «شاڭخەي خاتىرلىرى» ناملىق ئىككى

كىتاپنى لاتىن يېزىقى بىلەن بىر كىتاپ قىلىپ تەييارلاپ، 1997 – يىلى ئىستانبۇلدا ئۆتۈكەن نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرغان. بۇ كىتاپقا يەنە «تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدا ئۇنۇتۇلمىغان خاتىرىلەر» ناملىق كىتاپنىڭ مەزمۇنلىرى ئىچىدىن، ئالدىنقى ئىككى كىتاپقا كىرگۈزۈلمىگەن قىسىملارمۇ قوشۇلغان. ئەھمەد كامالنىڭ كىتاپلىرىنى قايتا نەشر قىلدۇرغانلارنىڭ ئىچىدە دوكتور يۇسۇپ گېدىكلىنىڭ ئەمگىكى باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان. چۈنكى گېدىكلى ھازىر قوللىنىلمايدىغان ياكى كۆپ قوللىنىلمايدىغان ئوسمانلىچە سۆزلەر (ئوسمانلىچىدە قوللىنىلغان ئەرەپچە ۋە پارىسچە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى)نى ھازىرقى تۈركىيە تۈركچىسىدىكى قوللىنىلىش شەكلىگە ئۆرۈپ، ئىزناق ئىچىدە بەرگەن. يىل، ئاي، كۈنلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ئېنىق بولمىغان يەرلەرگە چۈشەندۈرۈش بەرگەن. بەزى سۆزلەر، شەخس ئىسىملىرى، يەر جاي ناملىرى، ۋەقەلەر توغرىسىدىمۇ قوشۇمچە چۈشەندۈرۈش بەرگەن.

بۇلاردىن باشقا، ئەھمەد كامال ئاتۇشتا شىپگراف بىلەن «ئۇلۇغ دىن رىسالىسى» ماۋزۇلۇق كىتابنى باسقان. «نادان دادا، قاتىل ئوغۇل» ناملىق سەھنە ئەسىرىنى يازغان. بۇ ئەسەر نەشر قىلىنمىغان، ئەمما ئوقۇغۇچىلىرى سەھنىدە ئورۇنلىغان. ئۈرۈمچىدە 2 يىل زىنداندا ياتقان ۋاقتىدا، 6 ئاي داۋاملاشقان «يېڭى ھايات» ناملىق گېزىت چىقارغان. تۈركىيەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 2 ماقالىسى «تۈرك مەدەنىيىتى» ناملىق ژورنال (1964 ـ يىل، 5 ـ ئايلىق، 19 ـ سان ۋە 1968 ـ يىل 9 ـ ئايلىق 71 ـ سانى)دا بېسىلغان. بۇ ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنى، نەشر قىلىنغان كىتاپلىرىدىكىنىڭ تەكرارىدۇر.

2. ئۇيغۇرلار ۋە چىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى

ئەھمەد كامالنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە 3 كىتاب ئۇيغۇرلار ۋە چىن بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزى جايلىرى كۈندىلىك خاتىرە شەكلىدە، بەزى جايلىرى ساياھەت خاتىرىسى شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ئوسمانلىچە سۆزلەر ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەن. ئەسلىدە بۇ ئەسەرلەر نەشر قىلىنغان ۋاقىتتا، تۈركىيەدە تىلنى ئاددىيلاشتۇرۇش ئېقىمى خېلى كۈچەيگەن بولۇپ، يازغۇچىلار ئەرەپچە، پارىسچە سۆزلەرنىڭ ئورنىغا تۈركچە سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەمما ئەھمەد كامال چەتئەلدە (ئۇيغۇر دىيارى ۋە چىندە) بولغاچقا ئەسەرلىرىدە ئەرەپچە، پارىسچە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى كۆپ ئىشلەتكەن، بۇ ئەھۋال ئەسەرنىڭ تىلىنىڭ

ئېغىر بولىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. 1955 – يىلى نەشر قىلىنغان «تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدا ئۇنۇتۇلمىغان خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرى، باشقا ئىككى ئەسىرىنىڭ ناھايىتى ئاز ئۆزگەرتىلگەن شەكلى بولغاچقا، نەشر قىلىنىش ۋاقتى خېلى كېيىن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەردىمۇ ناھايىتى كۆپ ئوسمانلىچە سۆزلەر بار.

1. ئوخشاش بىر سۆزنى پەرقلىق يەردە ياكى پەرقلىق كىتاپتا، پەرقلىق ھەرپ بىلەن يازغان. مەسىلەن: دوتەي/توتەي، كاردەش/كاداش، ئۈرۈمچى/ ئۈرىمچى/ئۈرۈمچى

2. ئوسمانلىچىدە ك، گ تاۋۇشلىرى كەف (ك) بىلەن يېزىلغاچقا، لاتىن يېزىقىغا ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىنكى نەشرلىرىدە «كۆچار»نى «گۆچار» شەكلىدە يازغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ. يەنە ئوسمانلىچىدە بىر تاۋۇشنى 2 قېتىم تەلەپپۇز قىلىش ئۈچۈن، ئۇ تاۋۇشنىڭ ئۈستىگە شەددە (ّ ) ئىشارىتى قويىلىشى كېرەك. ئەھمەد كامال بۇ ئىشارەتلەرنى ۋە تىنىش بەلگىلىرىنى قويمىغاچقا، كېيىنكى نەشرىدە داموللام، كىتابنىڭ ھەممە يېرىدە داملام (ن. ئەھمەت ئۆزئالپ) دەپ يېزىلغان. «ئايكۆل» بولسا «ئايگۆل» دەپ يېزىلغان. ئې ۋە ئى تاۋۇشلىرى يە (ى) بىلەن ئىپادىلەنگەچكە «مىگۇ» دەپ ئوقۇشى كېرەك بولغان سۆز «مېگۇ» دەپ ئوقۇلغان ۋە مۇشۇنداق يېزىلغان. بۇ ئەھۋال قايتا نەشر قىلىنغانلارنىڭ ئەتراپلىق ئىزدەنمىگەنلىكىنى، ئۇيغۇرلار ۋە چىن ھەققىدىكى بىلىمىنىڭ تازا چوڭقۇر ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

3. ئۇيغۇرلار بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرىنى يازغاندا، سۆزلەرنى تۈركىيە تۈركچىسى بىلەن ئىپادىلىمەستىن، ئۇيغۇرچە قانداق ئىشلىتىلگەن بولسا شۇ پېتى يازغان. مەسىلەن: خوش ئەمىسە، بىزدىن رازى بولسىلا، تىچ ئامان قايتىپ كىلەسىز. ئۇيغۇرچە ماقال تەمسىللەرنى ئىشلەتكەن. مەسىلەن: «بازاردا مىڭ كىشى كۆڭۈلدە بىر كىشى».

4. تۈركىيە تۈركچىسىدە ئىشلىتىلمەيدىغان ياكى ئىشلىتىلسىمۇ پەرقلىق مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى جۈملە ئىچىدە قوللانغان. مەسىلەن: خىجىل، شاگىرتلىرىم، ئوقۇماق ۋە ئوقۇتماق، ئاداش، قول، ئۈزۈلمەك.

5. ئەسەرلىرىدە خەنزۇچە سۆزلەرمۇ خېلى كۆپ مىقداردا ئىشلىتىلگەن. بۇ سۆزلەر ئاساسەن يەر-جاي ناملىرى

ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئۇنۋانلىرى بولۇپ، كېيىنكى نەشرلەردە نەشرگە تەييارلىغانلارنىڭ بۇ خەنزۇچە ئىسملەرنى توغرا ئوقۇشتا قىينالغانلىقى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. مەسىلەن: پۇجاڭزانى بوجاڭزا، گۇەنزە (تاماقخانا)نى كۇەنزە دەپ يازغان.

## 3. ئەھمەد كامالنىڭ ھاياتى

ئەھمەد كامال 1889 ـ يىلى ئارالغا جايلاشقان رودوس شەھرىدە تۇغۇلغان. شۇڭا ئۇ كېيىنچە رودوسلۇق ئەھمەد كامال دەپمۇ ئاتالغان. ئاپىسىنىڭ ئىسمى زەكىيە، دادىسىنىڭ ئىسمى يۇسۇپ، جەمەتىنىڭ ئىسمى ھەببىزادە. بۇ سەۋەپتىن يازغان كىتاپلىرىنىڭ بەزىلىرىدە يازغۇچى ئىسمى «ھەببىزادە ئەھمەد كامال» دەپ يېزىلغان. پاملىسى ئىلكئۇل بولۇپ، يەنە بەزى ئەسەرلىرىدە يازغۇچى ئىسمى «ئەھمەد كامال ئىلكئۇل» دەپ يېزىلغان. ئەھمەد كامال، بىر قىز 3 ئوغۇل جەمئىي 4 بالىنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدى[14]. ھەدىسىنىڭ ئىسمى خەنىسە، ئاكىلىرىنىڭ ئىسمى سۇلايمان فۇئات ۋە ھامدى[15]. دادىسى يۇسۇپ ئەپەندى، مۇغلا شەھرى كۆيجەگىز رايونىغا باغلىق داليان مەھەللىسىدە تىجارەت قىلىدىغان كىشى ئىدى. دادىسى مىجەز خۇلقىنىڭ ياخشىلىقى، يارەمسۆيەرلىكى نەتىجىسىدە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بىر كىشى ئىدى[16].

ئەھمەد 2 ياشقا كىرگەندە دادىسى ئۇلارنى رودوستىن يېنىغا ئەكىلىۋالغان. پۈتۈن ئائىلە بۇ يەردە بەختلىك ۋە ھۇزۇرلۇق ھايات كەچۈرۈشكە باشلىغان. ئەھمەد 5 ياش ۋاقتىدا دادىسى ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن رودوسقا بېرىشقا مەجبۇر بولغان ۋە ئەھمەتنىمۇ يېنىغا ئېلىۋالغان. دېڭىزدىكى سەپەر جەريانىدا ناھايىتى شىددەتلىك بوران چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۇستى بېشى ھۆل بولۇپ كەتكەن. يۇسۇپ ئەپەندى ئەھمەتنى ئاياپ ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى ئەھمەتكە يېپىپ قويغان ۋە ئۆزى قاتتىق توڭلاپ كەتكەن. ئۇلار رودوسقا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن يۇسۇپ ئەپەندى دىر ـ دىر تىترەشكە باشلىغان. ئوغلى ئەھمەتنى يېنىغا چاقىرىپ: «ئوغلۇم سەن چوڭ بولساڭ، ئادەم بولساڭ، ئائىلەڭ ۋە يۇرتۇڭ سەندىن پەخىرلىنىدۇ»، دېگەن. ئۇ شۇ كۈنى كېچىسى ۋاپات بولغان. [17]بۇ ۋاقىتتا ئۇلار دادىسىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ تۇرىۋاتقان ئىكەن. دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئائىلىسىدىكىلەر ئەھمەتنى باشقا يەرگە يۆتكىگەن ۋە دادىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئۇنىڭغا

ئېيتمىغان. ئەمما ئەھمەد بولغان ئەھۋالنى ھېس قىلغان ۋە كۆڭلى بەك يېرىم بولۇپ كۆپ يىغلىغان. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن. ئۇ دادىسىنىڭ يوقلىقىنى ھەر زامان ھېس قىلغان... دادىسى رەھمەتلىك ئەتراپىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن قەدىرلىنىدىغان ۋە ھۆرمەتلىنىدىغان كىشى بولغاچقا، تونۇش بىلىشلىرى ئۇلارغا يېقىندىن ياردەم قىلىپ ئۇلارنى يوقلاپ تۇرغان. دادىسىنىڭ 40 نەزىرى بولغان كۈنى ئوسمان ئاكا ئىسىملىك بىر كىشى ئەھمەتكە سىغىلىۋاتقان 2 ئىنەك سوۋغا قىلغان.

ئىككى يىلدىن كېيىن ئانىسى زەكىيە خانىم 4 بالىنى ئېلىپ رودوسقا قايتقان. 7 ياشقا كىرگەن ئەھمەت رودوستا سۈلەيمانىيە مەدرىسىنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇش باشلىغان. ئۇ ناھايىتى تىرىشچان ۋە ئەقىللىق بولغاچقا 10 ياش ۋاقتىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. [18]ئۇ زامانلاردا رودوس بىر سۈرگۈن ئارىلى بولۇپ، تۈركىيەدىن سۈرگۈن قىلىنغان ۋىجدانى ۋە تەۋفىق ئەپەندىلەر رودوستا تۇرۇۋاتقان ئىكەن. ئەھمەد ئاكىسى سۈلايمان فۇئاتنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن بۇ كىشىلەردىن مەخسۇس دەرس ئالغان. ئۇ ئەدەبى ۋە تارىخى كىتاپلارنى ئوقۇشقا قىزىقىپ قالغان. ئاكىسىنىڭ «تەفەييۇز كۇتۇپخانىسى» ناملىق بىر كىتاپ دۇكىنى ئېچىشى، ئۇنىڭ ئوقۇش ھەۋىسگە قولايلىق ياراتقان. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە پوچتىخانىدىن چەتئەل گېزىتلىرىنى ئېلىش ۋە تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، ئاكىسىنىڭ كىتاب دۇكىنىدا ئىشلىگەن، مىسىردا نەشر قىلىنىدىغان «ئىتتىھات ۋە تەرەققىيات»، «شۇرا» ناملىق گېزىتلەرنى ئوقۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ گېزىتلەرنى سېتىش ئىشلىرىنى قىلغان.

ئەھمەد 16 ياشقا كىرگەندە ئاپىسى تەرەپتىن نەۋرە ئاكىسى بولغان ئەلى نازمى ئەپەندى ئەدلىيەگە كاندىدات كاتىپ قىلىپ ئىشقا ئالغان. ئۇ بۇ يەردە 2 يىل ئىشلىگەن. ئەدلىيەدە خىزمەتچى خادىم بولۇپ ئۆمۈر بويى ئىشلەشنى خالىمىغان ۋە كەسىپ ئالماشتۇرۇش قارارىغا كەلگەن. سۆمبەكى ئىسىملىك ئارالدا ئوقۇتقۇچىغا ئېھتىياج بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئىمتاھانغا قاتناشقان ۋە ئىمتاھاندىن ئۆتكەن. بۇ مەزگىللەردە ئۇ 18 ياشتا ئىدى. [19]ئۇ بۇ ئارالدا پەقەت مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغىلا ئەمەس، ئەسكەرلەرگىمۇ دەرس بەرگەن. مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن باش ئوقۇتقۇچى قىلىپ ئۇستۇرۇلگەن. 1908 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تۈركىيەدە مەشرۇتىيەت ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىتتىھات ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ مەركىزى ئارالدىكى

ۋەكىلى بولغان. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى مىللىي ھىس تۇيغۇ بىلەن تەربىيلەپ چىقىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ ئەھۋال تۈركلەرنى خوشال قىلسا، گرېتسىيىلىكلەرنىڭ ھەسەتخورلىقىنى قوزغىغان. [20]چۈنكى ئارالدا ھەم تۈركلەر ھەم گرېتسىيەلىكلەر ياشايتتى. 1909 ـ يىلى مېئىس ئارىلىغا باش مۇئەللىم بولۇپ يۆتكەلگەن. بۇ يەردە تارىخ دەرسى ئوقۇتقۇچىلىقى بىلەن بىرگە ۋەقپىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنمۇ قىلغان. ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ھاياتى، مۇشۇ ئارالدا باشلانغان. تۇنجى كىتابى بولغان «مېئىس ئارىلىنىڭ تارىخى» مۇشۇ مەزگىللەردە نەشر قىلىنغان. ئىزمىر شەھرىدە چىقىدىغان «ئاھاڭ» ناملىق گېزىتكە، «ئاراللار مەكتۇپى» ماۋزۇلۇق چاتما ماقالىلار يازغان. بۇ مەزگىللەردە ئەھمەد كامالنىڭ ئاكىسى سۇلايمان فۇئات، رودوستا «ئاپتاپ» ناملىق ھەپتىلىك گېزىت نەشر قىلىشقا باشلىغان. ئەھمەد كامال بۇ گېزىتنىڭ يازغۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى[21].

ئەھمەد كامال 1911 ـ يىلىنىڭ يازلىق تەتىلىنى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزگەن. ئىستانبۇلدا جەمئى 20 كۈن تۇرغان بولۇپ، بۇ جەرياندا سىركەجى رايونىدا رودوسلۇق يۇرتداشلىرى بىلەن ۋە زامانىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىلىرى بىلەن تونۇشقان، ئىستانبۇلنىڭ تارىخى يەرلىرنى، جامىلىرىنى، كۆرگەزمىخانىلىرىنى، ئاكىسىنىڭ دائىم رودوسقا كىتاب ئەۋەتكۈزىدىغان كىتاب دۇكىنىنى زىيارەت قىلغان. نەتىجىدە ئىستانبۇل ئۇنىڭغا بەك تەسىر قىلغان. رودوسقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئائىلىسىنى ئىستانبۇلغا كۆچۈرۈپ كېلىشكە قارار بەرگەن. [22]ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ قارارىغا قوشۇلغان. ئەھمەد كامال ئىستانبۇلغا كۆچۈپ كېلىشتىن ئاۋال مەئىس ئارىلىغا قايتىپ بارغان. بۇ دەل ئىتالىيەلىكلەرنىڭ ترابلۇسگارپ ئارىلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن مەنتەشە ئادالىرى ناملىق 12 ئارالنى بېسىۋالغان ۋاقتىغا توغرا كەلگەن. ئاناتولىيەگە 2250 كىلومېتىر كېلىدىغان مېئىس ئارىلىنىمۇ بېسىۋېلىش ئېھتىمالى يوقۇرى ئىدى. ئەھمەد كامال بىر دوستى بىلەن يۇنانلىقلارنىڭ كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ئىزمىر ئارقىلىك ئىستانبۇلغا كەلگەن. رودوستىكى ئانىسى بىلەن ھەدىسى فەتھىيە ئارقىلىق ئىستانبۇلغا كەلگەن[23].

ئىستانبۇلدا ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۈچۈن مائارىپ نازارىتىگە ئىلتىماس قىلغان ئەھمەد كامال، ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاقساراي رايونىدىكى «رەھبەرى ئىتتىھادى ئوسمانى» ناملىق مەكتەپكە تەقسىم قىلىنىپ،

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا تۈركچە ۋە تارىخ دەرسلىرىنى بېرىشكە باشلىغان. «مەكتەپلىك» ئىسىملىك گېزىتتە شېئىرلىرى بېسىلغان. ئۆزى «ئاپتاپ» ناملىق ئەدەبى ژورنالنى چىقارغان. ئىتتىھات ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتىنىڭ پىكىرلىرىنى يايىدىغان «ھەقىقەت» گېزىتىدە ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا زىيا گۆكئالىپ بىلەن تونۇشقان. زىيا گۆكئالىپ تۈرك مىللىي روھىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسچىسى ئىدى. بۇ كىشى ئەھمەد كامالنىڭ مىللىي روھىغا چوڭقۇر تەسىر قىلغان. ئەھمەد كامال تىرىشچانلىقى، ئەستايىدىللىقى ۋە قابىلىيىتى ئارقىلىق «ھىلالى ئوسمانى» گېزىتىنىڭ يېزىقچىلىق ئىشلىرى مۇدىرى بولغان. گېزىتتىكى ئىشلىرىنىڭ بەك ئالدىراش بولۇشى سەۋەپلىك، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى قىزغىن سۆيگەنلىكى ئۈچۈن كېيىنچە ئىتتىھات ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ بەشكتاش رايونىدىكى مەكتىپىدە تەكرار تۈرك تىلى ئوقۇتقۇچىلىقى خىزمىتىنى باشلىغان. كېيىنچە بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىر ۋەكىلى بولغان. بۇ مەكتەپ زامانىنىڭ ئەڭ ئىلغار مەكتەپلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى ئەنۋەر پاشا(گېنىرال) گېرمانىيەدىن ئەكەلدۈرگەن. قىسقىسى ئەھمەد كامال، مۇھىم ئىشلارنى قىلىدىغان، ئىشەنچلىك ۋە تونۇلغان بىر كىشى بولۇپ قالغان.

ئۇيغۇرلاردىن مۇساپىلار ئائىلىسىدىن بولغان ئۇبۇل ھەسەن ئەپەندى قاتارلىقلار ھەجدىن قايتىش يولىدا ئىستانبۇلغا كەلگەن. بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر ياشلىرىدىن مەسئۇت سابىرى بايقۇزى، تۇرسۇن ھەسەن، سابىت قاتارلىقلار ئىستانبۇلدا ئوقۇۋاتاتتى. بۇ ياشلار ئەھمەد كامال بىلەنمۇ تونۇشاتتى. بۇ ھاجىلارغا ئىستانبۇلدا ئوقۇۋاتقان ياشلاردىن مۇساپىلارنىڭ تۇققانلىرىدىن بولغان سابىت ئەپەندى ۋە تىبابەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان غۇلجىلىق مەسئۇت سابىرى ئەپەندىلەر ھەمرا بولۇپ، ئۇلارنى ئايلاندۇرغان. بىر كۈنى تەلئەت پاشا ئەھمەد كامالغا، ئۇبۇل ھەسەن ھاجىنى چاقىرتقان. سۆھبەت جەريانىدا تەلئەت پاشا ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قەشقەرگە بىر ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇبۇل ھەسەن ھاجى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقەتەن ئوقۇتقۇچىغا ئېھتىياجى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ دەرھال ماقۇل بولغان. ئەتىسى تەلئەت پاشا ئەھمەد كامالغا، ئۇيغۇر ھاجىلارنى ئەدىرنە شەھرىگە باشلاپ بېرىپ، بۇلغارلارنىڭ تۈركلەرگە قانداق زۇلۇم سالغانلىقىنى زىيارەت قىلدۇرۇشنى ئېيتقان. ئەھمەد كامال ئۇبۇل ھەسەن ھاجى، مەسئۇت سابىرى ئەپەندى

ۋە سابىت ئەپەندىلەرنى باشلاپ ئەدىرنىگە بارغان. ئەدىرنە ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى ھاجى ئادىل ئەپەندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئەدىرنەدە 3 كۈن تۇرغان. بۇ جەرياندا ئۇرۇش مەيدانلىرى، خاراپ بولغان يېزا ـ كەنتلەر ۋە ئۇ يەردىكى خەلقلەرنى، بۇلغارلار ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن يېتىم باللارنى زىيارەت قىلغان. ئۇلار ئىستانبۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تەلەت پاشا ئۇبۇل ھەسەن ھاجىغا مۇنداق دېگەن: «كۆرگەنسىلەر، دۈشمەنلەر پۇرسەت تاپسا تۈركلەرگە قانداق زۇلۇملارنى سالىدۇ... بىز ئوقۇتقۇچىلاردىن ئەھمەد كامالنى سىلەرنىڭ ۋەتىنىڭلارغا ئەۋەتىمىز. سىز ئۇنىڭغا ئىگە بولۇڭ ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىڭ.» [24] ئەھمەد كامال ئۆزىنىڭ پىكرى ئېلىنمىغان بۇ قارارغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئۆزىدىنمۇ بەكرەك قابىلىيەتلىك ياشلارنىڭ ئەۋەتىلىشىنى تەۋسىيە قىلغان. تەلەت پاشا: «بىزگە بىلىملا ئەمەس مىللىي ھىس تۇيغۇمۇ لازىم... بۇ مەسىلە مەركەزدە قارارلاشتۇرۇلدى. زىيا گۆكئالپ ئەپەندى بىلەن ئىككىمىز سىزنى ئۇيغۇن كۆردۇق. بۇ قېرىنداش دىيارلارغا غايە ۋە ئىدىيال يولدا بىرىنچى قېتىم سىز كېتىۋاتىسىز. بۇ ئۆز ئاتا دىيارلارنى قاپلىغان جاھالەت بۇلۇتلىرىنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ھەممىمىزنىڭ مىللىي بۇرچى. كېرەك بولغاندا ھېچ ئىككىلەنمەستىن جېنىڭىزنى پىدا قىلىڭ. سىزنىڭ جاسارىتىڭىز كېيىنكىلەرگە تېخىمۇ كۆپ جاسارەت ئاتا قىلىدۇ.» دېگەن ۋە ئەتىسى ئاتۇشقا قاراپ يولغا چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. [25]ئەھمەد كامال زىيا گۆكئالپ بىلەن كۆرۈشكەندە، زىيا گۆكئالپ ئۇنىڭغا: «ئوغلۇم، بۇ يول ناھايىتى خەتەرلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما نەتىجىسىدە جەننەتكە بارىسەن. غايە مۇقەددەستۇر. بۇ نۇرلۇق تۇپراقلارغا ۋە پەرىشتە كەبى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىغا ساق ـ سالامەت يېتىپ بېرىشىڭغا تىلەكداشمەن. ھەر يەردە ۋە ھەر ئىشتا نەپسىڭگە بىرىلمە. ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلغىن. نىيىتى ۋە مىجەز خۇلقى ياخشى بولغان بۇ خەلقنىڭ ئارىسىدا تۇرغان ۋاقتىلىرىڭدا سۆزلىرىڭ دۇرۇس، كۆڭلۈڭ پاكىز بولسۇن. سەن بۇ مەملىكەتكە كۆڭۈل ئوۋلاشقا كېتىۋاتىسەن. گۈزەل ئەخلاقىڭ، ياخشى مىجەز خۇلقۇڭ سېنىڭ قورالىڭ بولسۇن. قىلماقچى بولغان ئىشىڭنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن، ئاۋال خەلقنىڭ قەلبىنى ئۇتۇشۇڭ لازىم. سەن چاچىدىغان ئۇرۇقلاردىن كېيىنچە ھاياتلىق ئۇرغۇپ تۇرىدىغان مول ھوسۇل بېرىدىغان مەھسۇلات يېتىشىدۇ. تارىخ بۇلارنى يىغىدۇ ۋە سىلەرگە بەخت ـ سائادەت، شان ـ شەرەپ ھىس

قىلدۇرىدىغان تۆيغۇلارنى خاتىرىلەيدۇ....»دىگەن. [26]

ئەھمەد كامال 1914 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئابدۇقادىر ئەپەندى، مۇساباي ئائىلىسىدىن بولغان ئۆبۇل ھەسەن ھاجى، باھاۋۇدۇنباينىڭ كۈيئوغلى ئابدۇرەھىم ئەپەندى، نۇسرەتتىن ھاجى، ھاجىلاردىن بىرىنىڭ ئوغلى بولغان رەئۇف قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئىستانبۇلدىن قەشقەرگە بېرىش ئۈچۈن ئودېسساغا ماڭغان رۇس پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىققان. دادىسىدىن يېتىم قالغاندىن بۇيان يېنىدىن ھىچ ئايرىلمىغان ئانىسى پاراخوتنىڭ پەلەمپىيىگىچە كېلىپ كۆز ياشلىرى بىلەن ئۇزۇتۇپ قويغان. بۇ مەزگىللەردە ئەھمەد كامال نەۋرە سىڭلىسى بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغان ئىدى.

ئەھمەد كامال ۋە بىللە ماڭغان كىشىلەر ئودېسسادىن كېيىن خاركوۋ ۋە سامارا ئارقىلىق ئورېنبۇرگقا، ئۇ يەردىن كابىلساي، تاشكەنت، قوقان، مەرغىلان، ئەندىجان ئارقىلىق ئوشقا، ئۇ يەردىن 1914 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاتۇشقا بارغان. [27]ئىستانبۇلدىن ئاتۇشقىچە بولغان سەپەر 27 كۈن داۋام قىلغان. ئۇ زامانلاردا ئاتۇش، مەمۇرى جەھەتتىن تېخى ئايرىم شەھەر بولمىغان، قەشقەرگە تەۋە ئىدى. ئۇلار ئاتۇشقا كېلىپلا باھاۋۇدۇن باينىڭ ئۆيىگە چۈشكەن.






1914 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاتۇشتا « دارۇلمۇئەللىمىنى ئىتتىھات» ناملىق ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى ئېچىلىپ، ئەھمەد كامال مەكتەپ مۇدىرى بولغان. بۇ مەكتەپنىڭ چىقىملىرى، يېزىلاردىكى مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىرى باج تەرىقىسىدە بېرىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىنىدىغان بولغان. بۇ ئىشقا زۇنۇن ئاخۇن مەسئۇل بولغان. بۇ مەكتەپكە 3 سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدىغان، بۇ ئوقۇغۇچىلار مەدرىسلەردە ئوقۇۋاتقانلاردىن ياكى ئاتۇشتىكى 15 ياشتىن يۇقىرى باللاردىن تەركىپ تاپىدىغان بولغان. شەھەردىن كېلىدىغان باللار ئۈچۈنمۇ سان ئايرىلغان. باھاۋۇدۇن باينىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىدىغان ياتاقلىرىمۇ ھەقسىز ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئوقۇش باشلىغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارغا زامانغا لايىق ئىلىم ـ پەن ئۆگىتىلگەن. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن مەدرىسلەردە ئەرەپچە ۋە پارىسچىنى ياخشى ئۆگەنگەن ھەم بۇ مەكتەپتە ئۇسۇلى جەدىت ئىلىمنىمۇ ياخشى ئۆگەنگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 27 كىشىنى ئايرىپ، ئۇلارغا ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۈچۈن كېرەكلىك مەخسۇس دەرسلەرنى بەرگەن. ئۇلارغا يەنە تەنتەربىيە، شېئىر، نۇتۇق بىلىملىرىنى ئۆگەتكەن. [28]بۇ ئوقۇغۇچىلار 2 يىل تەربىيىلەنگەندىن كېيىن 2 يىل مەجبۇرىي ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى قىلىدىغانغا ۋەدە بەرگەن. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش مەزگىلىدە ئايدا بىر قېتىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەلققە نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلغان.

ئۆمەر باي قاتارلىقلار بۇ مەكتەپنىڭ دىندىن چىققانلىقىنى، ئۇسۇلى جەدىت مائارىپىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، پۈتۈن قەشقەردە پىتنە ـ ئىغۋا بىلەن خەلقنى ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئىشەندۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ، قەشقەر ياشلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەر يېڭى مەكتەپ مائارىپىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن.

ئەھمەد كامال ئىستانبۇلدىكى ئىش بانكىسىنىڭ سابىق مۇدىرى ھاياتى زەنگەر ئەپەندى ئارقىلىق بىر شاپىگراپ ماشىنىسى ئەكەلدۇرگەن. بۇ ماشىنا بىلەن مەكتەپنىڭ دەرس كىتاپلىرى ۋە «ئۇلۇغ دىن» ناملىق كىتاپ بېسىلغان.

يېڭى مەكتەپنى بىلىمگە تەشنا ياشلارنىڭ ۋە ۋەتەنپەرۋەر خەلقنىڭ قوللىشى، ئەھمەد كامالنىڭ خەلق تەرىپىدىن قەدىرلىنىشى نادان ئىنسانلىرىمىزنى بىئارام قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەھمەد كامالنى قەشقەردىكى رۇس ۋە ئەنگلىز كونسۇللىرى ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە «تۈركىيەدىن ئەۋەتىلگەن بىر ئىسيانچى»،

دەپ چاققان. [29]

ئەپسۇسلىنارلىقى، نادانلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى تەسىرسىز قالمىغان. مەكتەپتە دەرس باشلاپ 2 ئايدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلاردىن 20 ياشلىق مەھمۇد، سىلىم موللانىڭ تارىخ ۋە جۇغراپىيە ئۆگىنىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى، شۇڭا خەلقى ئالەمنىڭ نەپرەتلىك قاراشلىرى ئىچىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمىگەنلىكىنى ئوقۇغۇچىلارغا ۋاكالىتەن ئەھمەد كامالغا بىلدۈرگەن. ئەھمەد كامال سىلىم ئاخۇنغا مەكتەپنىڭ دەرس پروگراممىلىرىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىگە ھەممىيلەندىن بەكرەك ۋە ھەر زامان ئەمەل قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بىر مەكتۇپ يازغان، 2 كۈندىن كېيىن شەھەردىكى ئىسلام جەمئىيىتىدە نۇتۇق سۆزلىشى كېرەكلىكى بىلدۈرۈلگەن بىر تەكلىپنامە تاپشۇرۇپ ئالغان. ئۇ كۈنى ئەھمەد كامال قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى، زامانىۋىلىشىش ئۈچۈن يېڭى مەكتەپتە ئېلىپ بېرىلىدىغان يېڭىچە مائارىپنىڭ ئەھمىيىتى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرگەن. سىلىم ئاخۇن كېيىن سۆز ئېلىپ بۇ پىكرنى قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەھمەد كامال بىر ياندىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلسا، بىر ياندىن مىللىي مۇناپىقلارغا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىگەن، ئۇلارنى ئويغۇتۇشقا تىرىشقان. بۇ جەرياندا باھاۋۇدۇنباي، نەۋرۇززادە ھاجى ئالى قاتارلىقلار يېڭى مائارىپنى ۋە ئەھمەت كامالنى ھەر دائىم قوللىغان.

ئالتە ئايدىن كېيىن، يەنى 1914 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەھمەد كامال ئۆزى يازغان «نادان ئاتا، قاتىل ئوغۇل» ناملىق سەھنە ئەسىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا تەييارلاتقۇزۇپ، سەھنىدە قويغۇزغان. سەھنە قىلىپ ھازىرلانغان جاي، ئەسلىدە مەسچىتتىن مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن مەيدان بولۇپ، ئېپىزوتنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولىشى ئۈچۈن سەھنىنىڭ بېزىلىشى كېرەك بولغانلىقتىن، بۇ شەكىلدە بېزەلسە جائىز بولىدىغانلىقىنى باش قازى ئېيتقاندىن كېيىن سەھنە بېزەلگەن. تاماشىبىنلار خەلق ئاممىسى ئىدى. ئەمما بۇنى پۇرسەت بىلگەن سىلىم موللا بۇنىڭدىن 4 ئاي بۇرۇن بەرگەن سۆزىنى دەرھال ئۇنۇتۇپ «ئىستانبۇللۇق ئەپەندى مەسچىتكە رەسىم ئاستى» دەپ ھەممە يەردە غۇل ـ غۇلا قوزغاشقا كىرىشكەن. سىلىم موللا ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى: «يېڭى مەكتەپنىڭ دەرس كىتاپلىرىدا رەسىم بار ئىكەن، باللار ناماز ئوقۇمايدىكەن، قوللىرىنى بېشىغا كۆتۈرۈپ سالام بېرىدىكەن، بۇلار كېرەكسىز بەدەن ھەرىكەتلىرىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېساپ ۋە جۇغراپىيە ئوقۇتىدىكەن،

شۇڭا بۇ مەكتەپ چوقۇم ئىتتىپتىلىشى كېرەك» دەپ يۈرگەن. بۇ كۆز ـ قاراشلارغا باش قازى بىتەرەپ مۇئامىلە قىلغان بولسا، مەھمۇد ئاخۇن داموللام بىلەن ئابدۇقادىر داموللام قارشى چىققان ۋە بۇ ئىككى مائارىپ چىرىغىنىڭ ئۇچۇرۇۋېتىلمەسلىكى ئۈچۈن ئۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئەمما خەلق نادان بولغاچقا بالىلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالغان. مەكتەپتە ئاران شەھەردىن كەلگەن 15 ئوقۇغۇچى قالغان. بۇ ئەھۋال يۇرت چوڭلىرىدىن بولغان باھاۋۇدۇنباي، ئىكساقتىكى ئابدۇقادىر ھاجىم، جەمئىيەتى ئىسلامىيەنىڭ ۋەكىلى ۋە كاتىپى زۇنۇن ئاخۇن قاتارلىق ۋەتەنسۆيەرلەرنىڭ يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ سانچىلغان. ئۇلار دەرھال بىر تەدبىر قوللۇنۇش كېرەكلىكىنى مۇزاكىرە قىلىپ، مەكتەپنىڭ ئىتتىپتىلمەسلىكى ئۈچۈن مەھەللە ۋە يېزىلارغا ئېلان ئەۋەتىپ، تەشۋىقات ئىشلىرىنى قىلىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن 60 بالىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، دەرس ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان. رەزىل مەقسىدىگە يېتەلمىگەن خائىنلار بۇ قېتىم ھۆكۈمەتكە: «باھاۋۇدۇنباي ئىسيان كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئەسكەر تەييارلاۋاتىدۇ» دەپ شىكايەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ساقچى باشلىقى باھاۋۇدۇنباينى چاقىرىپ، مەكتەپ نىقابى ئاستىدا سىياسى ئىشلارنىڭ ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا ئەھمەد كامالنىڭ بۇ يۇرتتىن كەتكۈزىۋېتىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقان. باھاۋۇدۇنباي، چىن بىلەن تۈركىيەنىڭ چېگرىداش خوشنا ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دىگەن: «بىر تۈركىيەلىكنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشىدىن نىمە چىقاتتى؟... 14 ـ 15 ياشتىكى 50 ـ 60 بالىنىڭ بۇ يۇرتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تارتىۋالىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئەندىشىلىنىشكە باشلىغان بىر ھۆكۈمەت، بۇ مەملىكەتنى ئەتراپىدىكى دۆلەتلەردىن قانداق ساقلايدۇ؟ ئەھمەد كامالغا مەن ئىگە، مەن مەسئۇل. ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى مەيداندا. بىز جاھالەتتىن بىزار بولدۇق. ئەگەر سىز مائارىپ ئىشلىرىنى توختۇتۇشنى خالىسىڭىز، توختۇتۇڭ. ئەمما بىر ھۆكۈمەت پۇقرالىرىنى نادانلىقتا قالدۇرۇشنى ئارزۇ قىلماس. بۇ مەسىلىدە بۇرۇن سىز بىزگە ياردەم قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقان. ئەمدى بولسا بىر قانچە نادان ھەسەتخورنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ۋەدىڭىزدىن ۋاز كەچمەكچى بولىۋاتىسىز. ناھايىتى ئۆكۈندۈم....». بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ساقچى باشلىقى باۋۇدۇنباينى چاقىرىپ، شىكايەت قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى، يېڭى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ داۋاملىشىشىغا يول قويىلىدىغانلىغىنى، ئەمما سىياسى مەسىلىنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشقا ئارىلىشىپ قالماسلىقىنى، بۇرۇن باھاۋۇدۇنباي

ئىلتىماس قىلغان بىر دوختۇر ۋە بىر ئوقۇتقۇچى ئېلىش ھەمدە بىر دوختۇرخانا ئېچىش تەلىپىنىڭ تەستىقلانغانلىقىنى، مەكتەپ چىقىملىرىنى خەلقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەل قىلىشىنى ۋە ھۆكۈمەتتىن ماددىي ياردەم تەلەپ قىلماسلىقىنى، بۇ ئىشلارغا باۋۇدۇنباينىڭ مەسئۇل بولىشىنى ئېيتىپ، بۇ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە مۇھۇر بېسىلغان 6 ماددىلىق ئىمتىيازنامىنى بەرگەن. بۇ ئىمتىيازنامىنىڭ بېرىلىشى بىلەن خائىنلارنىڭ زوۋانى ۋاقىتلىق بولسىمۇ بېسىققان.

ئەھمەد كامال ئېكساقتا ئېچىلغان يېڭى مەكتەپلەرگە نۇرى مائارىپ، مەنبائۇل ئىرفان، مۇساباييۇلار مەكتىپى، تەرەققىيات مەكتىپى، نەجمى ھىلال مەكتىپى، جەمئىيەت مەكتىپى دىگەن ئىسىملارنى قويۇپ مەكتەپنىڭ ۋىۋىسكىلىرىنى ئاسقان. ئەھمەد كامال شىپىگراپ بىلەن باسقان «ئۇلۇغ دىن رىسالىسى» ۋە ئۇنىڭغا قوشۇمچە بولغان باياننامە، خىتاپنامىلەرنى خەلقنىڭ ئوقۇپ ئۆگىنىشى ئۈچۈن 4 ـ 5 كۈندە بىر تارقاتقان. بۇ ئىشلارغا تاشكەنتلىك شائىر زارىق فىرىدقارى ئەپەندى كۆپ ياردەم قىلغان.

ئۆمەر ئاخۇنباي قاتارلىقلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى ۋە پىتنە ـ پاساتلىرى سەۋەبىدىن شەھەردىكى جەمئىيەتى ئىسلامىيە ئىتتۇپىتلىگەن.

1908 ـ يىلى تۈركىيەگە ئوقۇشقا كەتكەن ياشلاردىن تۇرسۇن ئەپەندى، دوختۇر مەسئۇت سابىرى (مەسئۇت ئەپەندى تۈركىيەگە 1904 ـ يىلى 9 – ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كەلگەن)، ئابدۇراخمان شادى، ھەسەن، ئەخمەت نىجاتى، كامال بەدرى قاتارلىقلار 1914 ـ يىلى كۈزدە قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن ۋە ئېكساقتىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشنى باشلىغان. بۇ مەزگىللەردە يەنە تۈركىيەلىك 5 كىشى كەلگەن. بۇلار : ھۈسەيىن ئەمرۇللاھ، سېلىم سامى، ئادىل ھىكمەت، ئىبراھىم، ھۈسەيىن. بۇ كىشىلەر 5 ئايدىن كېيىن، يەنى 1915 ـ يىلى باھاردا ئافغانىستان ئارقىلىق تۈركىيەگە قايتىش ئۈچۈن ئاتۇشتىن ئايرىلغان.

ئاتۇشتىكى دارۇلمۇئەللىمىن توغرىلىق قەشقەردىكى كونسۇللارنىڭ شىكايەتلىرىگە ئۆمەر ئاخۇنباينىڭ قۇتراتقۇلۇقى قوشۇلۇپ بۇ يېڭى مەكتەپكە ھۆكۈمەتنىڭ يەنە دىققىتى قوزغالغان. شۇنداق بولسىمۇ يازلىق تەتىلدىن بۇرۇن 27 ئوقۇغۇچى مىڭلىغان خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا ئىمتىھان بېرىپ ۋە لاياقەتلىك بولۇپ، باھاۋۇدۇنباي قاتارلىق يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئالدىدا ۋەتەن ۋە خەلققە خىزمەت قىلىشقا قەسەم ئىچىپ

دىپلوملىرىنى ئالغان. يازلىق تەتىلدە بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن قاسىم سىدىق ئەپەندى ئۈچۈن قەشقەردە بىر مەكتەپ ئېچىش مەسىلىسى قارارلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەھمەد كامال ۋە باشقىلارنىڭ ئىئانىسى بىلەن پۇل توپلانغان. ۋېلىخان ۋە باشقا ئاخۇنلار ھەر قانچە قارشى تۇرۇپ باققان بولسىمۇ ئاخىرى جانانكوچادىكى رەھمەتلىك رۇزى ئاخۇن باينىڭ قوروسىنىڭ مەكتەپ قىلىنىشى قاراراشتۇرۇلغان. ئوقۇتقۇچىلىققا قاسىم سىدىق بىلەن ئوسمان شۈكرۇ بەلگىلەنگەن. ئوقۇغۇچى ئېلىش ئىشلىرىمۇ باشلانغان. يىغىلغان پۇلنىڭ زايا بولۇپ كەتمەسلىكى ۋە پۇل ئاساسدا مەكتەپ ئۈچۈن كىرىم قىلىش مەخسىتىدە ئەھمەد كامالنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىر دۇكان ئېچىش قارار قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆستەڭ بۇيى دىگەن جايدا بىر دۇكان ئىجارىگە ئېلىنىپ، جەمئىيەتى ئىسلامىيەنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بىر تەپتىش ۋە نازارەت قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، دۇكانغا مال سېلىنىپ تىجارەت باشلىغان. ئەپسۇسكى ئۆمەر ئاخۇنباي، ۋېلى ئاخۇن بىلەن مۇسا ئاخۇن، جەمئىيەتى ئىسلامىيەنىڭ شانىغا داغ تەككۈزىدىغان پىتنە ـ پاساتلىرىنى دەۋاملاشتۇرغان. ھەتتا رۇس كونسۇلىغا بۇ ئىشنى توختۇتۇش ھەققىدە ئىلتىماس قىلغان. ئەھمەد كامال بۇ ۋېلى ئاخۇن ۋە مۇسا ئاخۇن بىلەن سۆزلەشكەن. ئۇلار ئەسلىدە جەمئىيەتى ئىسلامىيەنىڭ باشلىقلىرى بولغان ھاجى ئالى ۋە يۇسۇپ ئاخۇنغا قارشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقان. ئەھمەد كامال، مىللەتنىڭ يۇرۇقلۇققا چىقىشى ۋە خەلقنىڭ جاھالەتتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن شەخسى ئاداۋەتلىرىنىڭ ئۇنتۇلۇشى كېرەكلىكىنى، خەلقنىڭ ئالدىدا كىيىن خائىن، دەپ ئاتىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن خەلققە پايدىلىق ئىشلارغا پۇتلىكاشاڭ بولماسلىقنى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا چۈشەندۇرگەن. ئېچىنارلىقى، ئۇلار نادان پىكىرلىرىدىن ۋاز كەچمىگەن ۋە «مەكتەپتە تارىخ، جۇغراپىيە ئوقۇتۇلمىسۇن، ئوقۇغۇچىلار سەللە يۆگەپ ئۇزۇن چەكمەن چاپان كىيسۇن، مىللىي تۈيغۇلارنى ئىپادىلىگەن ناخشا ـ مارشلار مەكتەپ پروگراممىسىدىن چىقىرىلسۇن، ئوقۇتۇش پەقەتلا ئەرەپچە ۋە دىن بىلەن چەكلەنسۇن»، دىگەندەك پىكىرلىرىنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. ئەسلىدە بۇ جاھالەتلىك پىكىرلەرنىڭ يوشۇرۇن تەشۋىقاتچىسى ئۆمەر ئاخۇنباي ئىدى. بۇ خۇراپى پىكىرلەرگە قارشى بولغان باھاۋۇدۇنباي، باللارنىڭ كۆپ تەرەپلىملىك بىلىم ئېلىشىنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ھامىسى يەنە بىرى مىللىي مۇناپىق بولغان بۇ ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كېلىپ چىققان. بۇ ئەھۋال ھۆكۈمەتكە بىلدۈرۈلگەن. بۇ ئىككى

كىشىنىڭ بىر ـ بىرىگە قارشى پىكىردە بولىشىنىڭ ۋە بۇ ئىككى كىشىنى قوللايدىغان خەلقنىڭمۇ بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى سەپكە ئۆتىشىنىڭ نىگىزلىق سەۋەپچىسى يېڭى مەكتەپ، دەپ كۆرستىلگەن.

ھۆكۈمەت ئېمىن باي، نۇرۇز باينىڭ ئوغلى ھاجى مەھمەت ئالى، يۇسۇپ ئاخۇن، ئابدۇكەرىم خان، سىدىق ئاخۇن، مەھمۇتخان، شەمسەددىن داموللا، ئەھمەد كامال قاتارلىقلارنى تۇتۇپ ئەكىلىپ، سوراققا تارتقان. بۇ كىشىلەرنىڭ جىنايىتى، قەشقەردىكى ياشلارنىڭ بۇ تورپاقلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ھۆكۈمەتتىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆز ئارا ۋەدە قىلىشىپ، بىر دەپتەرگە ئىمزا قويىشى ئىمىش. شۇڭا سوراققا تارتىلغان ھەر ـ بىر كىشىدىن بۇ دەپتەر سورالغان. يۇسۇپ ئەپەندى سوراقچىغا مۇنداق دىگەن: «بىز پەقەت مەكتەپ ئاچتۇق. باشقا بىر نەرسە بىلمەيمىز. خەلقنىڭ نادان ۋە بىلىمسىز قېلىشىنى ئارزۇ قىلساڭلار، بىز مەكتەپنى تاقىۋېتەيلى. ئەمما بىلىمسىز خەلقتىن كېلىپ چىقىدىغان جىنايەت ۋە باشقا يامان ئىشلارنى سىزمۇ سۇرۇشتە قىلماڭ...». ئابدۇكېرىمخان، قادى كىلان ھەزرەتلىرىنىڭ ئوغلى بولۇپ، دادىسى رەھمەتلىك، ياقۇپخان بەدەۋلەت ئۆلگەندىن كىيىن ئۇ ياساتقان ھېيتگاھ جامىسىنىڭ بۇتخانىغا ئۆزگەرتىلگەنلىكىگە چىدىماي، بىر جۈمە كۈنى جامىنىڭ ئىشكىنى چىقىپ كىرىپ، ئىچىدىكى بۇتلارنى پارچىلاپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمەت چىرىكلىرىدىن 400 دەررە تاياق يىگەن ئىكەن. بۇ سوراقتا ئابدۇكېرىم خانمۇ دادىسىغا ئوخشاش 400 دەررە تاياق يىگەن. سىدىق ئاخۇن بىلەن مەخمۇد خان 300 دەررە تاياق بىلەن جازالانغان. ئەھمەد كامالنىڭ جىنايىتى، ئوقۇغۇچىلارغا قىسقا كىيىم كىيگۈزگەنلىكى، ياشلارغا ھۆرمەتسىزلىك ئۆگەتكەنلىكى، ئىسلام خەير جەمئىيتى قۇرۇپ قەشقەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى بۇزغانلىقى بولغان. ساقچى باشلىقىنىڭ ئەمرى بىلەن بۇ كىشىلەر زىندانغا تاشلانغان. تېشىدا 500 ـ 600 كىشى توپلىنىپ نارازىلىقىنى ئىپادىلەشكەن. ئەتىسى ئەھمەد كامالدىن باشقىلىرى مىللىي ھەرىكەت قىلمايدىغانلىقىغا دائىر تىل خەت يېزىپ بېرىپ زىنداندىن چىققان.

ئەھمەد كامال زىنداندىكى كۈنلەردە، ھەر كۈنى 50 ـ 60 كىشى ئۈنىڭغا تاماق ئەكىلىپ، ئۈنى يوقلاپ تۇرغان. ئەڭ كۆپ مانتا ئەكىلىشكەن. بۇ مانتىلارنى يەپ تۈگىتەلمىگەچكە ئىسراپ بولمىسۇن دەپ بىر مانتىنى 4 داچەندىن ساتقان. سىيىت ھاجىم ۋە ئەخمەتجان بۇ ئىشقا مەسئۇل بولغان. مانتىدىن كىرگەن

كىرىمگە قەلەم ۋە دەپتەر ئېلىپ، ئەھمەت كامالنى يوقلاپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا ۋە مەھەللىدىكى باللارغا تارقىتىپ بەرگەن. كىشىلەر ئەھمەد كامالنى يوقلاپ ئەكەلگەن ئۆزۈم، قوغۇنلارنى زىنداننىڭ ئالدىغا دۆۋىلىۋەتكەن. ساقچى باشلىقى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئەھمەد كامالغا زىيارەتكە كەلگەنلەرنىڭ ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى قۇبۇل قىلماسلىقنى بۇيرىغان. [30]

ئۇ زامانلاردا چىن بىلەن تۈركىيەنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى ئورنىتىلمىغاچقا، چىن چېگرىسى ئىچىدىكى تۈركىيە پۇقرالىرىغا تۈركىيەگە ۋاكالەتەن گېرمانىيە كونسۇلى ئىگە بولاتتى. شۇڭا ئەھمەد كامال ئۆزىنىڭ ناھەق زىندانغا تاشلانغانلىقىنى تېلېگراممىا ئارقىلىق بېيجىڭدىكى گېرمانىيە كونسولخانىسىغا بىلدۈرگەن. كونسولخانىدىن ئۈرۈمچىدىكى گېنىرالغا بۇ مەسىلە ھەققىدە تېلېگراممىا كەلگەن. زىندانغا تاشلىنىپ 75 ـ كۈنى باھاۋۇدۇنباينىڭ كاپالەتلىك قىلىشى بىلەن، شەھەردىن سىرتقا چىقماسلىق ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، مەكتەپ ئىشى بىلەن مەشغۇل بولماسلىق شەرتى ئاستىدا قويۇپ بېرىلگەن. 3 ئايدىن بېرى ئىشىكلىرى ئېتىكلىك تۇرغان مەكتەپ قايتىدىن ئېچىلغان.

1915 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يارباغدا قەشقەردىكى 114 مەھەللىنىڭ يۇرت چوڭلىرى، باھاۋۇدۇنباي قاتارلىق ۋەتەنسۆيەرلەر، ساقچى باشلىقى قاتارلىقلارنىڭ قوشلىشى بىلەن، ھەلالىيە ۋە رەشادىيە ناملىق ئىككى مەكتەپ داغ ـ دۇغلىق ئېچىلغان. مىللىي خائىنلار كوچىلارغا چىقالماس بولغان.

7 ـ 8 ئايدىن كېيىن، يەنى 1916 ـ يىلى يازدا 3 نەپەر گېرمانىيىلىك ئافغانىستان ئارقىلىق قەشقەرنىڭ يەكەن ناھىيىسىگە كەلگەن. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت ۋە ئىنگلىز، رۇس كونسۇللىرى جىددىيلىشىپ قالغان. تەقىپ ئاستىدا تۇتۇلۇۋاتقان ئەھمەد كامالنىڭ «گېرمانلارنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشى» نى توسۇپ قىلىش ئۈچۈن ئۇنى يېرىم كېچىدە تۇتۇپ ئەكەتكەن. ساقچىخانىدا ساقچى باشلىقى ئۇنىڭغا:«سىزنى رۇسلار تۇتۇپ ئەكەتمەكچى بولىۋاتىدۇ، شۇڭا بىز سىزنى شەھەردە تازا ياخشى قوغدىيالمايمىز دەپ بۇ يەرگە ئەكىلىپ قوغداشنى مۇۋاپىق كۆردۇق» ، دەپ چۈشەندۈرگەن. ئەھمەد كامال نارازىلىقنى بىلدۈرگەندە، ئاخىرى ئۇنىڭغا زىندانغا تاشلىنىدىغانلىقنى ئۇچۇق بىلدۈرگەن. [31]

بۇ ئەھمەد كامالنىڭ 2 ـ قېتىم زىندانغا تاشلىنىشى ئىدى. بۇ قېتىممۇ ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش يالغۇز

كامىرغا سولانغان. ئالدىنقى قېتىمقىدىن پەرقى، يېنىدىكى قەلەم ۋە قەغەز مۇسادىرە قىلىنغان، خەلق بىلەن كۆرۈشۈش مەنئى قىلىنغان. بىر كۈنى ئەھمەد كامال بىر كىشى بىلەن كۆرۈشكىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېنىدا پوستا تۇرۇۋاتقان 30 ئەسكەر ئىچىدە يۈسۈپ بىلەن قادىر قوللىرىغا 200 دەررىدىن تاياق يېگەن.

ئارىدىن 20 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەردىن 60 چىرىك بىلەن بىللە بېيجىڭغا يوللانغان گېرمانلارنىڭ كۇچاردىن يولغا چىققانلىق خەۋىرى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە تېلېگراممىا بىلەن بىلدۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەھمەد كامال زىندانغا سولانغىنىنىڭ 21 ـ كۈنى قويۇپ بېرىلگەن.

1917 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھۆسەيىن مۇسابايىنىڭ قېيناتىسى، تەرجىمان مەھمۇت بەگ، ئەھمەد كامالنىڭ ۋالى تەرىپىدىن چاقىرىلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلغان. ئەھمەد كامال، ۋالى ۋە ساقچى باشلىقى بىلەن كۆرۈشكەندە، ۋالى قەشقەردىكى رۇس ۋە ئىنگلىز كونسۇللىرىنىڭ بېيجىڭدىكى كونسۇلخانىلىرىغا تېلېگراممىا يوللىغانلىقىنى، بېيجىڭدىكى كونسۇللارنىڭ مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەرنىڭ نازىرلىرىغا بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق ھەر قانداق تەلىپىنى قوبۇل قىلغۇزىدىغانلىقىنى، بۇ سەۋەپتىن ئەھمەد كامالنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە قەشقەردىكى كىشىلەرنىڭ راھىتى ۋە ھۇزۇرى ئۈچۈن 20 كۈنلۈك ئۇزاقلىقتىكى كۇچارغا ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. يولغا چىقىش تەييارلىقى ئۈچۈن 4 كۈن مۆھلەت بېرىلگەن. قەشقەردىن سۈرگۈن قىلىنىشىنىڭ ئۆمەر باينىڭ ھۆكۈمەتكە بەرگەن تەكلىپى نەتىجىسىدە ئەمىللەشكەنلىكى ئىشەنچلىك كىشىلەر تەرىپىدىن ئەھمەد كامالغا بىلدۈرۈلگەن.

ئەھمەد كامال كۇچارغا مېڭىش ئالدىدا ئۆزىگە خالىس ياردەم قىلغان كۆڭلى يېقىن كىشىلەرنى بىردىن ـ بىردىن زىيارەت قىلىپ ۋىدالاشقان. باۋۇدۇنباي: «خەت يېزىشىپ تۇرايلى، نەدە بولساق ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن، ھەر قانداق زۇلمەت كېچىنىڭ بىر كۈندۈزى بولىدۇ...» دەپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ خوشلاشقان.

ئەھمەد كامال ئوقۇغۇچىلار، ياشلار، يۇرت چوڭلىرى، ئاتا ـ ئانىلار بولۇپ ناھايىتى كۆپ كىشىنىڭ ئۇزىتىشى بىلەن 2 چىرىكنىڭ ھەمراھلىقىدا ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن پەيتۇنىغا ئولتۇرۇپ كۇچارغا قاراپ يولغا چىققان. خەلق ئۇنى دورغابەگ سارىيىدىن دۆلەتباغقىچە ئۇزىتىپ كەلگەن. ياش شائىر سابىر ئەپەندى قاتارلىق بىرنەچچەيلەن، مارالبېشىغىچە بولغان مۇساپىدە ئەھمەد كامالغا ئاتلىق ھەمرا بولغان. ئەھمەد

كامال پەيزىۋات، مارالبېشى، ئاقسۇ، ئاقسۇ كونىشەھەر، قارايۇلغۇن، باي، قىزىللارنى بېسىپ ئۆتۈپ كۇچارغا كەلگەن. يولدا ھەر چۈشكەن يېرىدە ئىلغار پىكىرلىك ۋەتەنسۆيەرلەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان، قۇنالغۇلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان. ئەھمەد كامال ئۇلار بىلەن ئۇسۇلى جەدىد مەكتەپلىرى ئېچىش ھەققىدە پىكىرلەشكەن.



ئەھمەد كامالنىڭ ئۈرۈمچىگە كېتىۋاتقان كۆرۈنىشى

كۇچارغا كەلگەندىن كېيىنكى 15 ـ كۈنىدە، كۇچاردىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئەھمەد كامالغا ئۈرۈمچىدىكى گېنېرالدىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقى ھەققىدە تېلېگراما كەلگەنلىكىنى، شۇڭا ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەتىسى 3 كىشىنىڭ نازارىتىدە ئۈرۈمچىگە قاراپ ئاتلىق يولغا چىققان ۋە بۇگۈر، كورلا، قاراشەھەر، توقسۇن، داۋانچىڭلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن. ئۈرۈمچىگە كېلىپلا يامۇلغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن ۋە دەرھال زىندانغا تاشلانغان.

زىنداندا ئەھمەد كامالغا نىغمەت ئىسىملىك تۇرپانلىق بىر كىشى تەرجىمانلىققا تەيىنلەنگەن. ئەھمەد كامال ۋالىنىڭ مەخسۇس كاتىپى ئەيۇپ ئىسىملىك 20 ياشلاردىكى بىر يىگىت بىلەن تونۇشقان. ئەيۇپ ئۇنىڭ زىنداندىكى شارائىتلىرىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. تەرجىمان نىغمەت ئوغلى مەھمەت ئىمىنى ئەھمەد كامالنىڭ خىزمىتىگە بەرگەن.

ئەھمەد كامال ئەيۇپ ۋە بۇرھان شەھىدىنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن «يېڭى ھايات» ناملىق گېزىت چىقىرىشقا باشلىغان. ئەھمەد كامالنىڭ زىنداندا قىلىۋاتقان بۇ مەخپى ئىشىنىڭ داۋام قىلالىشى ئۈچۈن گېزىتنىڭ مۇھەررىرى قەلەم، مەتبەئەسى بەشبارماق، چىقىرىلىدىغان يەر ۋىران (خاراپ، كۆڭلى يېرىم دىگەن مەنىدە) دەپ يېزىلغان. گېزىت ئەھمەد كامال تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، كەرىمخان ئارقىلىق بۇرھان شەھىدىگە يەتكۈزۈپ بېرىلگەن. يەنخەندە (ھازىرقى رۇس كۆلۈبى ئەتراپى) شېپگراف ماشىنىسى بىلەن كۆپەيتىلىپ تارقىتىلغان. بۇ گېزىت ئۈرۈمچىدىن باشقا قەشقەر، كۇچا، ئاقسۇ، تۇرپان، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەرگىچە تارقىتىلىپ، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى ئۈچۈن تەشۋىقات ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. گېزىتنىڭ توختاپ قالماسلىقى ئۈچۈن سىبىرىيەدىكى تۈرك ئەسىرلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلىپ، بۇ رايۇنلارغا كەلگەنلىكى ھەققىدە گەپ سۆزلەر تارقىتىلغان. تەرجىماننىڭ ئوغلى 10 ياشلىق مەھمەت ئىمىن گېزىتنىڭ زىنداندىن تاشقىرىغا چىقىرىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ گېزىت 6 ئايدىن كېيىن توختىتىلغان. بۇرھان شەھىدى بۇنىڭغا ئۇلاپلا «تۇران» ناملىق گېزىت چىقىرىپ بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا تىرىشقان. ئەمما 2 ئايدىن كېيىن بۇ گېزىتمۇ توختىتىلغان. [32]

بۇ مەزگىللەردە، ئاسىيا قىتئەسىدە جۇملىدىن چىندە تۇرىۋاتقان گېرمانىيە ۋە تۈركىيە پۇقرالىرى ۋەتەنلىرىگە ئەۋەتىلىش ئۈچۈن شاڭخەيگە ئەۋەتىلىشكە باشلىغان ئىدى. ئەھمەد كامالمۇ شاڭخەيگە ئەۋەتىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ياڭ گېنېرالغا ئىلتىماس سۇنغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۈرۈمچى ۋە باشقا شەھەرلەردىكى مۆتىۋەرلەر، يۇرت چوڭلىرى، ئۈرۈمچىدە تۇرىۋاتقان غەربى تۈركىستانلىق ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كېپىل بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ ئەھمەد كامالنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ بىر نەتىجە چىقمىغان. ئەھمەد كامال ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قېلىشقا باشلىغان كۈنلەردە، يەنى ئۇنىڭ سۇنغان ئىلتىماسىدىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شاڭخەيگە ئەۋەتىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن ئەھمەد كامالنى زىنداندىن قاچۇرۇشنى پىلانلاۋاتقان ياپونىيەلىك كانىكونىڭ پىلانى سۇغا چىلاشقان.

ئەھمەد كامال ئۈرۈمچىدىكى 2 يىللىق زىندان ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ 4 ئەسكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا

شاڭخەيگە ئەۋەتىلگەن. بۇ 4 ئەسكەرنىڭ بىرى بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە بۇ يەردىكى ئەسكەرلەرگە تەلىم ـ تەربىيە بېرىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ھازىر ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ قايتىپ ماڭغان شاڭشاۋ ئىدى.



ئەھمەد كامال تۇيغۇر بالىسى مەمەت ئىمىن بىلەن بىرگە

يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، كۆچاردىكى نىزامەتتىن ئاخۇن، تۇققانلىرىنىڭ قىزى بولغان 9 ياشلىق رۇشەننى ئەھمەد كامالغا قوشۇپ ئىستانبۇلغا ئوقۇشقا ئەۋەتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەكەلدۈرگەن. تەرجىمان 12 ياشلىق ئوغلى مەھمەت ئىمىننىمۇ تۈركىيەدە ئوقۇتۇش مەخستى بىلەن ئەھمەد كامالغا قوشۇپ قويماقچى بولغان. يەنە مىللىي خائىنلارنىڭ ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىشى سەۋەبىدىن رۇشەننى يېنىغا ئېلىش ئىمكانى بولمىغان. مەھمەت ئىمىننى يېنىدا ئېلىپ ماڭغان. دەل يولغا چىقىدىغان ۋاقىتتا، ئەپۇپ ئەپەندى بىر بولاقنى مىرسالىھ ئەپەندىنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ئەھمەد كامالغا بەرگەن ۋە: «يولدا سىزگە جان جەگەر ئاداش بولىدۇ»، دىگەن. بۇ، ئىچىگە ئوق سېلىنغان بېلگىيە تاپانچىسى بولۇپ، ھەقىقەتەن شاڭخەيگە ماڭغان يولدا، يەنى لۈنتۈن بىلەن ۋەيتەن ئارىسىدىكى يولدا كېچىسى باندىتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا قۇتۇلۇپ قېلىشىدا بۇ تاپانچا مۇھىم رول ئوينىغان. چۈنكى باندىتلارنىڭ قۇراللى قىلىچ بولغاچقا، ئەھمەد كامالنىڭ تاپانچىسىدىن چىققان ئوق بىلەن پىتراپ قېچىپ كېتىشكەن. ئەھمەد كامال ئەسىرلىرىدە مەھمەت ئىمىننى تىلغا ئالغاندا

ھەر زامان «ئوغلۇم مەھمەت ئىمىن»، دەپ يازغان. مەھمەت ئىمىن خەنزۇ تىلىنى ياخشى بىلگەچكە، شاڭخەيگە ماڭغان يولدا ئەھمەد كامالغا كۆپ ياردەمچى بولغان.[33]

ئەھمەد كامال ئۈرۈمچىدىن چىققاندىن كېيىن گۇچۇڭدا مىرمەخسۇت ئەپەندى، ئەخمەت قارى ھاجىم، ئىسلام بابالار بىلەن گۇچۇڭدا ئېچىلىدىغان يېڭى مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا قەشقەر دارۇلمۇئەللىمىنى ئىتتىھاتنى پۈتتۈرگەن غۇلجىلىق ھۈسەيىن ھۈسنۇ ئەپەندىنىڭ تەكلىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ مائاشى مەسىلىسىنى (مائاشى بىر سەر 16 قۇرۇش) قارارلاشتۇرغان. قۇمۇلدا شاھ ئەخمەت، ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى ئىبراھىم ئەبۇلبارى ئەپەندىلەر بىلەن يېڭى مائارىپ ھەققىدە كۆرۈشكەن. ئۇلارنىڭ تەلىپى بىلەن يېڭى مەكتەپنىڭ پروگىراممىسى ۋە نىزامنامىلىرىنى تەييارلىغان.

ئەھمەد كامال قاتارلىقلار شاڭخەيگە ماڭغان يولدا تاماقتىن كۆپ قىينالغان. ئاردا 4 ـ 5 كۈن قاتتىق نان يىگەن، 2 كۈنگىچە ئاچ قالغان ۋاقتلىرى بولغان. ھەر ـ بىر شەھەر، ناھىيە ۋە يېزىغا بارغاندا بۇنىڭدىن كېيىن بارىدىغان يېرى ئۈچۈن رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ، خەت ئېلىپ ماڭغان. ئەسكەرلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكدىن تارتىپ بارلىق چىقىملارنى ئەھمەد كامال ئۈستىگە ئالغان. ئۇلار بەزىدە ئاتقا مىنىپ، بەزىدە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، ئاخىردا پويىز بىلەن دىگەندەك 5 ئاي مېڭىپ خەنكوغا يېتىپ كەلگەندە ئەھمەد كامالنىڭ گېلى ئاغرىپ، قىززىپ كەتكەن. خەنكودا ھەم ئىنگىلىزلەرنىڭ ھەم ياپونلارنىڭ دوختۇرخانىلىرى بار بولۇپ، ئەھمەد كامال ھۆكۈمەتتىن ۋە گوللاندىيە كونسۇلخانىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، خەنكودا تۈرىۋاتقان شاملىق سىلىم بەكنىڭ ھەمراھلىقىدا ياپونلارنىڭ دوختۇرخانىسىدا داۋالانغان. خەنكودىن شاڭخەيگە پاراخوت بىلەن بارغان. 1920 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شاڭخەيگە يېتىپ كەلگەن. [34]كەلگەن كۈنى تۈركىيلىك ئادىل ھىكمەت قاتارلىق 5 كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە قونغان ۋە 6 يىلدىن بېرى ئېلىنمىغان ساقىلىنى بۇ يەردە ئالغان[35]. چۈنكى قەشقەردە ئۇ زامانلاردا بېشىغا سەللە يۆگىمىگەن، ئۈزۈن چاپان كەيمىگەن ۋە ساقال قويمىغان كىشىنىڭ سۆزىنىڭ ئېتىبارى بولمايتتى[36]. ئەھمەد كامال شاڭخەيگە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ، قولىدىكى يول خېتىنى تاپشۇرغىلى بارغاندا، چەتئەللىكلەرنى قامايدىغان زىندانغا تاشلانغان. ئەمما بۇ زىنداندا سېيىت ھەمزە

ئىسمىلىك بىر چەتئەللىكتىن باشقىلىرى يەرلىك جىنايەتچىلەر ئىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن گوللاندىيە كونسۇلخانىسىنىڭ باش كاتىپى كېلىپ ئەھمەد كامالنىڭ شىكايەتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كىيىن، ئۇنىڭ كامىرىنى ئالماشتۇرغۇزغان. چۈنكى بۇ مەزگىللەردە تۈركىيە پۇقرالىرىغا گوللاندىيە كونسۇلخانىسى ئىگە بولاتتى. زىنداندا ئەھمەد كامالنىڭ نازارەتچىسى بولغان گۈندىپاي تۆگگان مالىن ئۇنىڭغا كۆپ ياردەم قىلغان. كېيىنچە ئەھمەد كامال مالىن ۋە باشقا بىر گۈندىپاينىڭ ھەمرالىقىدا بەزى كۈنلىرى سىرتقا چىقىپ شەھەرنى ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. گوللاندىيە كونسۇلخانىسىدىن ۋە يۇرتداشلىرى بولۇپ ئۇنى يوقلاپ تۇرىۋدىغانلار كەم بولمىغان. ئەمما ئەھمەد كامال، ئۆلمەستىن بۇرۇن ۋەتىنىگە قايتىپ كىتەلمەسلىگىدىن ھەر دائىم ئەنسىرىگەن. ئەھمەد كامال زىندانغا تاشلىنىپ بىر ئايدىن كىيىن گوللاندىيە كونسۇلخانىسىنىڭ باش كاتىپىغا بەزىدە تالا تۈزگە چىقىش توغرۇلۇق ھۆكۈمەتتىن رۇخسەت ئېلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. باش كاتىپ ئەھمەد كامالنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبىدىن سىرتقا چىقىشنى ئىلتىماس قىلدىغانلىقىنى ئېيادىلەپ، ئەھمەد كامالنىڭ نامىدىن بىر ئىلتىماس يېزىپ ئۇنىڭغا قول قويدۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن. ئەتىسى گوللاندىيە كونسۇلخانىسىدىن بىر دوختۇر كىلىپ تەكشۈرۈپ، ئۇنى گۈنيىلى رايۇنىدىكى دوختۇرخانىغا ئاپارغان ۋە دوختۇرخانا ئۇنىڭغا 10 كۈن ياتاقتا يېتىش ئىسپاتى يېزىپ بەرگەن. ئەھمەد كامال كېسەل ئەمەس تۇرۇپ دوختۇرخاندا ياتقان ۋە يېنىدا ئۇنى كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرىۋاتقان قوراللىق ئەسكەر بىلەن خىزمەتچى ئايالدىن بىئارام بولۇپ، سىقىلىپ، ھەققەتەن ئاغرىپ قېلىپ، 15 كۈندىن كىيىن دوختۇرخاندىن زىندانغا قايتقان. ئەمما ئىستىگىنىگە ئېرىشكەن. ھەپتىدە 2 قېتىم بىر ساقچىنىڭ مۇھاپىزىتىدە سىرتقا چىقىپ، ئاخشام قايتىش رۇخستى ئالغان. 4 ئايدىن كېيىن گوللاندىيە كونسۇلخانىسىنىڭ سايىسىدە ئاخشام 8 دە زىندانغا قايتىش شەرتى بىلەن ھەر كۈنى بىر گۈندىپاينىڭ ھەمرالىقىدا شەھەرنىڭ خالىغان جايلىرىغا بېرىش رۇخستىنى ئالغان. [37]ئەھمەد كامال زىندانغا تاشلىنىپ 6 ئايدىن كېيىن تۈركىيىلىك ئادىل ھىكمەت ئەپەندى كېلىپ گوللاندىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى يەتكۈزگەن. بۇ ئۇقتۇرۇشتا، چىڭداۋدا ياپۇنلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان گېرمانلارنى يۇرتلىرىغا قايتۇرۇش ئۈچۈن ياپۇنىيەنىڭ ناۋكاۋمارو ناملىق پاراخوتىنىڭ يولغا چىقىدىغانلىقى، تۈركىيە پۇقرالىرىنىڭ مۇشۇ پاراخوت

بىلەن گېرمانىيە ئارقىلىق تۈركىيىگە ئەۋەتىلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. چىڭداۋ 1898 ـ يىلى گېرمانلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان بولۇپ، 1914 ـ يىلى ياپونلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. 1922 ـ يىلى چىنغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن. بۇ ئەسىرلەر، ياپونلار چىڭداۋنى بېسىۋالغاندا ئەسىر ئېلىنغان گېرمانىيەلىكلەر ئىدى[38].

ئەھمەد كامال كىتاپلىرىدا شاڭخەيدىكى زىنداندىن ئازات بولۇشىدا كىمنىڭ ھالقىلىق رول ئوينىغانلىقى ھەققىدە چۈشەندۈرۈش بەرمىگەن. پەقەت تۈركىيىگە قايتىش خەۋىرىنىڭ ئادىل ھىكمەت تەرىپىدىن بىلدۈرۈلگەنلىكىنى يازغان. ئادىل ھىكمەت قاتارلىق 5 كىشى 1914 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن بۇ يەردە 6 ئاي تۇرغان بولۇپ، ئىنگلىز ۋە رۇسلارنىڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىش ھەركەتلىرىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى ئىشپىيون يۈسۈپ ئاخۇن ۋە ھاجى رامازاننىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغاندىن كېيىن قەشقەردىن كېتىشكە قارار بەرگەن. ئافغانىستانغا بېرىش ئۈچۈن يولدا ئاتلىق كېتىۋاتقاندا رۇسلارغا ئەسىر چۈشكەن. 1916 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قېچىپ ئىلى ئالتاي رايونىغا كەلگەن. 1917 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى خوتەندىن يولغا چىقىپ، 1918 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شاڭخەيگە كەلگەن. 1921 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئىستانبۇلغا قايتىپ كەلگەن. جۇمھۇرىيەت گېزىتىنىڭ 1928 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىگىچە بولغان سانلىرىدا «ئاسىيادا بەش تۈرك» ماۋزۇلۇق خاتىرىلىرىنى ئېلان قىلغان. ئوسمانلىچە بېسىلغان بۇ خاتىرىلەرنى دوكتور يۈسۈپ گېدىكلى 1998 ـ يىلى لاتىن ھەرپلىرى بىلەن كىتاپ شەكلىدە ۋە چۈشەندۈرۈشلەرنى قوشۇپ تەييارلاپ، ئۆتۈكەن نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرغان. 1999 ـ يىلى بۇ كىتاپنىڭ 2 ـ باسمىسى نەشر قىلىنغان. ئادىل ھىكمەت ئەپەندى بۇ ئەسىرىدە ئەھمەد كامال ھەققىدە تەنقىدى كۆز قاراشلىرىنى يېزىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ شاڭخەيدە زىنداندا ياتقانلىقىدىن دەسلەپتە خەۋىرى بولمىغانلىقىنى، كېيىن گوللاندىيە كونسۇلخانىسىدىن كەلگەن خەت ئارقىلىق خەۋەردار بولغانلىقىنى، ئەھمەد كامال ھەر ھالدا «ھەددىدىن تاشقىرى ۋەتەنپەرۋەر» بىر كىشى بولسىمۇ، بۇ ۋەتەندىشىنى يات ئەللەردە زىنداندا تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىماي، گوللاندىيە كونسۇلخانىسىغا ئىلتىماس قىلىپ ئۇنى زىنداندىن چىقارغانلىقىنى، ئەھمەد كامالنىڭ باي بىر كىشى ئىكەنلىكىنى، بۇرۇن مائاش تەكلىپ قىلسىمۇ قوبۇل قىلمىغانلىقىنى، شۇنداق بولسىمۇ زىنداندىن چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مائاش تەرىقىسىدە پۇل

بەرگەنلىكىنى يازغان[39].

ئەھمەد كامال ياپۇنلارنىڭ پاراخوتى بىلەن ئاۋال ھامبۇرگقا بارغان. ئۇ يەردىن رىشتپاشا ناملىق پاراخوت بىلەن 1920 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تۈركىيىگە قايتىپ كەلگەن. بۇ 6 يىل 4 ئاي ئىچىدە ئائىلەسىدىكىلەر بىلەن خەۋەرلىشىش ئىمكانىيتى بولمىغان. بۇ سەۋەپتىن ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇنى كۆرگىچە بولغان ئارلىقتا ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ياكى ئۆلگەنلىكىنى بىلەلمىگەن.

تۈركىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ھاياتى توغرىلىق تەپسىلى ئۇچۇرلار يوق. ئۇ تۈركىيەگە قايتقاندىن كېيىن، يازغان ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان. 1966 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ۋاپات بولغان. ۋاپاتى توغرىلىق ئادۋۇكات ئىلھان مۇسابايىنىڭ[40] «تۈرك دۇنياسى» ژورنىلىدا بىر ماقالىسى بېسىلغان[41].

4. ئەھمەد كامالنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىدىن بەزىلىرى

ئەھمەد كامال قەشقەردە يېڭى مەكتەپ ئېچىش ئۈچۈن يۇرت چوڭلىرىدىن باھاۋۇدۇنباي بىلەن كۆرۈشكەندە، باھاۋۇدۇنباي ھەم ماددىي ھەم مەنىۋىي جەھەتتىن ناھايىتى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مەكتەپنىڭ چىقىملىرىنى يىغىش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىنىڭ سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن «جەمئىيەتى خەيرىيەيى ئىسلامىيە» (ئىسلام خەير – ساخاۋەت جەمئىيىتى) قۇرۇش پىلانىغا ئاساسەن، ئۆمەر ئاخۇنباي بىلەن كۆرۈشكەندە ئۆمەر ئاخۇنباي ياردەم قىلىشنى رەت قىلغان. (ياردەم قىلماسلىق بىلەن توختاپ قالمىغانلىقىنى، مەكتەپنى تاقاتقۇزۇپ ئەھمەد كامالنى كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، خەير ـ ساخاۋەت جەمئىيىتىنى تاقاتقۇزۇۋەتكەنلىكىنى، ئەھمەد كامالنىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بايانىمىزدا يازغان ئىدۇق.) باھاۋۇدۇنباي خەلق ئىچىدىكى شۆھرىتى، مال – مۈلكى ئۆمەر ئاخۇنباينىڭكىدىن يۇز، ھەتتا مىڭ ھەسسە ئۈستۈن تۇرۇپمۇ، «ئەگەر ئۆمەر ئاخۇنباي قەشقەردە ئېچىلىدىغان يېڭى مەكتەپنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىسە، مەن ئۇنىڭ ئېغىلىدىكى ئېتىنىڭ تېزەكلىرىنى تازىلايمەن» دېگەن. [42]ئۆمەر باينىڭ يېڭى مەكتەپنى قوللىمىغانلىقى، ھەتتا جاھالەت ۋە نادانلىق بېسىپ كەتكەن مۇھىتتىن مىڭ تەسلىكتە

يېتىشىپ چىققان 8 ـ 10 زىيالىنى زىندانغا تاشلىغۇزۇش ئۈچۈن نىملەرنى قىلغانلىقى، ئورىنبۇرگتا چىقىدىغان ۋاقىت گېزىتىنىڭ 1916 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈندىكى 2037 ـ نومۇرلۇق ساندا، تاتار ئەدىب نۇشىرىۋان پاۋۇشېۋ تەرىپىدىن «قەشقەردە نەشرى مائارىپ جەمئىيىتى» ناملىق ماقالىدا بايان قىلىنغان. بۇ ماقالىدا يەنە باھاۋۇدۇنباي، قەشقەردە تۇنجى قېتىم ئېچىلىدىغان دارۇلمۇئەللىمىنى ئىتتىھاتنى ئۆمەر باينىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىش ھەققىدە نۇرغۇن غەيرەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۆمەر باينىڭ مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلىقى، جۇملىدىن ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان بۇ خىزمەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمىغانلىقى يېزىلغان[43].

يازغۇچى، مۇساباي ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خەلققە ھەر ۋاقىت ۋە ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى يېزىش بىلەن بىرگە، ئۆمەر باينىڭ رۇس كونسۇلى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۇلارغا نىسبەتەن قانچىلىك مەرت قانچىلىك سېخى ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلغان: «رۇس كونسۇلىغا بىر زىياپەت بېرىش ئۈچۈن چۇقۇم بەش يۈز ئالتۇن رۇبلى خەجلەيدۇ. ۋالى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن مىڭ رۇبلىلىق ئالتۇن سائەت ۋە نەچچە مىڭ رۇبلىلىق ھەدىيە ئالىدۇ. بۇ پۇللارنى خەجلەپ نىمىگە ئېرىشىدۇ؟ مەرىپەتپەرۋەر ئىنسانلارنى ئۇرغۇزۇش ۋە زىندانغا تاشلىغۇزۇش...“ [44]بۇنىڭدىن باشقا، ئۆمەر ئاخۇنباينىڭ بەرگەن زىياپىتى ھەققىدە توختالغان. ئۆمەر باي، خەلقنىڭ ئالدىدا ئىناۋىتىنى قايتىدىن تىكلەش ئۈچۈن داغدۇغىلىق بىر زىياپەت بەرگەن. 1916 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە داۋاملاشقان بۇ زىياپەتتە (ئەھمەت كامال بۇ زىياپەتنى “توي” دەپ ئاتىدىلىگەن) ھۆكۈمەتنىڭ ئۇششاق ـ چوڭ ئەمەلدار ۋە خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى مېھمان قىلىنغان. ئۆمەر باي گەرچە يېڭى مەكتەپنى دىنسىزلىق بىلەن ئەيىپلەپ كىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مېھمانلار توڭگۇز گۆشى، ھاراق قاتارلىق ئىسلام دىنىدە ھارام دەپ بىلىنىدىغان نەرسىلەر بىلەن مېھمان قىلىنغان. خەنسۇ خىزمەتچىلەرگە ئون مىڭ سەرلىك سوغا سالام تارقاتقان. ئۆمەر باينىڭ ئائىلىسىدىكى 44 جان بۇ مال مۈلۈكنىڭ ۋارىسلىرى ئىكەن. ئۆمەر باي خەلققە خائىنلىق قىلىپلا قالماستىن، ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەققىنىمۇ يىگەن. يۈەنشىكەينىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن، 1916 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قەشقەردە 21 پارچە توپ ئېتىلغان.

شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر باينىڭ خەجلىگەن پۇللىرى بىكارغا كەتكەن. چۈنكى يۈەنشىكەينىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالمىشىشى سەۋەبلىك يېڭى كەلگەن ئەمەلدارغا يەنە سوغا سالام ۋە زىياپەت بېرىشى كېرەك بولغان[45].

ئەھمەد كامال قەشقەرنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەپ يازغان: «قەشقەر شەھرىدە 114 مەھەللە، 108 جامى بار. بۇ جامىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ھېيتگاھ جامىسىدۇر. داڭلىق مەدرىسىدىن 15 ى بار. خانلىق مەدرىسى، قازاق مەدرىسى، ئاخۇن ھاجى مەدرىسى، ۋاڭلىق مەدرىسى، مۆھتەرەم باھاۋۇدۇنباي مەدرىسى، گەنجە ھاجى مەدرىسى، دورغا باي مەدرىسى، ناجى ھاكىم باي مەدرىسى، لايپەشتاخ مەدرىسى، ھېيتگاھ مەدرىسى، ئوردا ئالدى مەدرىسى قاتارلىقلار. بۇ مەدرىسلەرنىڭ ھەر بىرىدە ئەڭ ئاز 200 شاگىرت (ئوقۇغۇچى) ئوقۇيدۇ. ئەمما دەرس پروگراممىلىرى سەۋەبلىك، بۇ ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنەلمەيدۇ. ياۋروپادىكى مەكتەپلەردە 15 يىل ئوقۇغانلار، رەسمىي يېتىشىپ چىقىدۇ. لېكىن بۇ مەدرىسلەردە 20 يىل ئوقۇپمۇ ئىسمىنى توزۇك يازالمايدىغانلار بار. بۇ مەدرىسلەرنىڭ چىقىملىرىنى ۋەقپىلەر ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ چىقىملار بىلەن 200 يېڭى مەكتەپ ئاچقىلى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ھازىرقى زاماننىڭ بىلىم تېخنىكىسى بىلەن تەربىيىلىگىلى بولىدۇ. قەشقەرنىڭ ئاجايىپ ئەقىللىق ۋە چېچەن باللىرى مۇشۇنداق مائارىپ سىستېمىسىدىمۇ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى يوقۇتۇپ قويمىغان. ئەگەر ئۇلار زامانىۋى بىلىم ئوقۇتىلىدىغان مائارىپ سىستېمىسىدا تەربىيىلەنسە، ئۇلارنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قانچىلىك چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىدىن ھېچكىم گۇمان قىلمايدۇ»[46].

ئەھمەد كامال قەشقەردە زىندانغا سولانغان ۋاقىتتا خەلق ئاممىسى ئۇنى يىمەك - ئىچمەك بىلەن يوقلاپ تۇرغان. بۇنىڭغا چىدىيالمىغان ئۆمەر باي ساقچىدىن بىرسىگە پارا بېرىپ ساقچى مۇدىرىگە شىكايەت قىلدۇرغان. ساقچى مۇدىرى بۇ ساقچىنى مۇنداق دەپ ئېيىپلىغان: «ئەسكى ئادەملەر ئىكەنسىلەر. زىيارەت قىلغىلى كەلگەن ئۆزەڭلەرنىڭ ئادىمىگىمۇ توسقۇنلۇق قىلىشنى خالايدىكەنسىلەر. مۇشۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئۆز - ئارا جاسۇسلۇق قىلىدىكەنسىلەر...»[47]

يازغۇچى ئۇرۇمچىدە زىندانغا تاشلانغاندىن كېيىن ئۆز تەسراتلىرىنى مۇنداق دەپ يازغان: «بىرنەچچە مىڭ

كىشى سولانغان بۇ زىنداندا مەھبۇسلارنىڭ پەرىشان ھاللىرى ئىنسانىنىڭ يۈرىگىنى ئەزگۈدەك دەرىجىدە ئېچىنىشلىق ئىدى. ئاچلىقتىن ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن بىر قىسىم كىشىلەر بىر بۇلۇڭدا ئىڭراۋاتقان، يەنە بىر قىسمى بولسا بىر ـ بىرى بىلەن سەۋەبلىك ـ سەۋەبسىز مۇشتلۇشۇپ قانلىق مەنزىرە ئوتتۇرىغا چىقارغان. بۇ كىشىلەرنى ئورىۋالغان تاماشىچىلارنىڭ بەزىدە ماختاشلىرى، بەزىدە تەنقىتلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ مەنزىرە، بۇ يەردىكى ئىنسانلارنىڭ سەۋىيەسىنى ۋە روھى ھالىتىنى چۈشۈنۈش ئۈچۈن يېتەتتى. مەن قورسىقىم ئاچ ھالدا، قامالغان كامىرنىڭ دەرىزىسىدىن ئۇلارنى كۆرۈپ تۇراتتىم...»[48]

ئەھمەد كامال ئۆرۈمچىدىن شاڭخەيگە ماڭغاندا خەنكودىن ئۆتكەن. ئۇ خەنكوغا چۈشكەندىكى تەسىراتىنى مۇنداق يازغان: «خەنكونىڭ ناھايىتى مۇنتىزىم ۋوگزالىغا چىققان ۋاقتىمىزدا، پۈتۈن بىنالارنىڭ ئىشكىلىرىدە ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە خەتلەر كۆرۈندى. بۇ يېزىقلار مېھمانخانىلار، رەسمىي ئىدارە جەمئىيەتلەر ۋە شەخسىي ئىش ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئىنگلىز ۋە فرانسۇزلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنىڭ بىر ئىسپاتى ئىدى بۇ يېزىقلار...»[49]

ئەھمەد كامال شاڭخەيدە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى مۇنداق دەپ يازغان: «بىر چىنلىق ياۋروپالىقلار ئايلىنىدىغان باغچىغا كىرەلمەيدۇ، ياۋروپالىقلارنىڭ بىر نەرسە سېتىۋالىدىغان دۇكانلىرىدىن ئۆزىنىڭ مىللىي كىيىملىرى كىيگىلىك شەكىلدە كىرىپ بىر نەرسە سېتىۋالالمايدۇ، ياۋروپالىقلارنىڭ تىياتىرخانا ۋە كىنوخانىسىدا ئولتۇرالمايدۇ. ھەممە يەردە ھاقارەتكە دۇچار بولغان بۇ بىچارە خەلقنىڭ مۇنەۋۋەر قاتلىمىدىكى كىشىلەر، چەتئەللىكلەرنىڭ بۇ ھەقسىز ۋە يۈرەكنى داغلايدىغان مۇئامىلىسىدىن بىزار بولماقتا. شۇڭا چوڭقۇر ئىنتىقام تۇيغۇسى بار. ئەمما كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك تەشكىلات قۇرغان ياۋروپالىقلارنىڭ خەلقنى بويى سۇندۇرۇش ئۈچۈن ئىجرا قىلىۋاتقان نازۇك ئىش ھەركەتلىرى ئۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىگە دەخلى قىلماقتا... چەتئەللىكلەر شاڭخەيدە ئۆزلىرىنىڭ ئىشغال قىلىۋالغان رايونلىرىغا شۇنىڭغا يارىشا نام بەرگەن. ئىنگلىز مەھەللىسىگە خەنسۇچە يىڭگو دىفاڭ، فرانسۇز مەھەللىسىگە فاگو دىفاڭ، ياپون مەھەللىسىگە رىبېن دىفاڭ، ئامېرىكا مەھەللىسىگە مېيگو دىفاڭ، گېرمان مەھەللىسىگە دېگو دىفاڭ دەپ نام بېرىلگەن. چەتئەللىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ھاكىم بولغان رايونلىرىنى ئۇ قەدەر كۆپ ئەمگەك سىڭدۈرۈپ تەييارلاپتۇكى، ئىنگلىز مەھەللىسىدىكى

ھەشەمەتلىك باغچە لوندوندىمۇ يوق، كەڭ ئازادە ماگىزىنلارنىڭ ئوخشىشى بەلكى ياۋرۇپادىمۇ يوق. بۇ، چىنلىقلارنى ھەيران قالدۇرۇش ئۈچۈندۇر، چىننىڭ جەنۇبىدا، ئىنگلىزلەر نۇپۇزلۇق بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەكتەپلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ غايىسى بۇيىچە ئوقۇتۇلغان ياشلار شاڭخەيدە ئىنگلىزلەر ئۈچۈن ئىشلىمەكتە. شىمالدا ياپونلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسى بىلەن يېتىشكەن ياشلار بولسا ياپونلارنىڭ مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىمەكتە. ئامېرىكىلىقلار دۆلەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ كىشىلەرنى خرىستىيانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا. گېرمانلار چېكىداۋۇدا بىر ياندىن چىنلىقلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى ياپونلارغا قارشى قوللانماقتا... خەنكو، شاڭخەي، نەنجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق شەھەرلەردە ياپونلار نۇپۇزلۇق بولۇپ، چىنلىقلارغا ئىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ، ئۇلارنى ئوقۇتۇپ تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئاسىيادىكى ياۋرۇپالىقلارغا قارشى نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك تۇيغۇلىرىنى ئويغۇتۇش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقارماقتا... [50]ئىتالىيەلىكلەرنىڭ شاڭخەيدىكى يىدالى دىفاك دېگەن يەر ئانچە تەرەققى قىلمىغان، خۇددى چىنلىقلارنىڭ مەھەللىسىدەكلا كۆرۈنىدۇ. ئىتالىيەلىكلەرنىڭ ھېچ نۇپۇزى يوق[51]. بىر چىنلىق ياۋرۇپالىقلارنىڭ كۆڭلى ئاچىدىغان كىچىك قۇلۇپلىرىدا ئولتۇرالمايدۇ، ياۋرۇپالىقلارنىڭ مەھەللىسىدىن ئۆي ئىجارىگە ئالالمايدۇ، ياۋرۇپالىقلارنىڭ مۇنچىسىغا كىرەلمەيدۇ. ھەممە يەردە خۇددى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان كىشىلەردەك ئىشلىتىلىدۇ...»[52]

پايدىلانغان ماتېرىياللار :

ئادىل ھىكمەت ئەپەندى «ئاسىيادا بەش تۈرك»، نەشرگە تەييارلىغۇچى دوكتور يۈسۈپ گېدىكلى، ئۆتۈكەن نەشرىياتى، 1999، ئىستانبۇل، 2 ـ باسمىسى

ئەھمەد كامال ئىلكئۇل «بىر يېتىم بالىنىڭ ھاياتى»، ئىستانبۇل، 1962 ـ يىل

ئەھمەد كامال ئىلكئۇل «شاڭخەي خاتىرىلىرى»، ئىستانبۇل، 1939 ـ يىلى، قەدەر نەشرىياتى

ئەھمەد كامال ئىلكئۇل «تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدا ئۇنۇتۇلمىغان خاتىرىلەر» زارىف ئىش مەتبەئەسى، ئىستانبۇل، 1955

ھابىبزادە ئەھمەد كامال «چىن تۈركىستان خاتىرىلىرى»، ئىزمىر، 1341 (1925) مەرىپەت مەتبەئەسى،

ئىبراھىم ئالىپ تېكىن مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل

ئىلھان مۇسابايى «ئەھمەد كامال ئىلكىنۇلنىڭ ئارقىسىدىن»، تۈرك دۇنياسى، 1966 ـ يىل 2 ـ 3 ـ سان

مىرئەخمەت سېيىت «شائىر تەۋپىق»، بۇلاق مەجمۇئەسى، 3 ـ سان

مىرئەخمەت سېيىت، يالقۇن روزى، ئابلىكىم زوردۇن، مەمتىلى ئەپەندى، شىنجاڭ ئۈنىۋېرستىتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل، ئۈرۈمچى

سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1990 ـ يىل، 1 ـ قىسىم

خېۋىر تومۇر «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە»

ئىزاھاتلار:

[1]ئىستانبۇل ئۈنىۋېرستى ئىجتىمائىي پەنلەر ئېنستىتوتى دوكتور ئوقۇغۇچىسى،
ئېلخەت:railekasgarli@hotmail.com
[2]مىرئەخمەت سېيىت، يالقۇن روزى، ئابلىكىم زوردۇن، مەمتىلى ئەپەندى، شىنجاڭ ئۈنىۋېرستى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل، ئۈرۈمچى، 382. بەت
[3]مىرئەخمەت سېيىت، «شائىر تەۋپىق»، بۇلاق مەجمۇئەسى، 3. سان
[4]مىرئەخمەت سېيىت، يالقۇن روزى، ئابلىكىم زوردۇن، مەمتىلى ئەپەندى، شىنجاڭ ئۈنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل، ئۈرۈمچى
[5]ئىبراھىم ئالىپ تېكىن، مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل
[6]مىرئەخمەت سېيىت، يالقۇن روزى، ئابلىكىم زوردۇن، مەمتىلى ئەپەندى، 33 ـ 38 بەتلەر
[7]مەمتىلى ئەپەندى، 46 ـ بەت
[8]مەمتىلى ئەپەندى، 33 ـ بەت
[9]سەيپىدىن ئەزىزى، ئۆمۈر داستانى، 1 ـ قىسىم، 144 ـ بەت
[10]خېۋىر تومۇر، ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە، 189 ـ بەت
[11]ئۆمۈر داستانى، 1 ـ قىسىم، 148 ـ بەت
[12]مەمتىلى ئەپەندى، 39 ـ بەت
[13]تۈركىستان ئىسمىنىڭ مەنىسى ۋە چۈشەندۈرۈشى ئۈچۈن قاراڭ: مەمتىلى ئەپەندى، 107 ـ بەت
[41]ئەھمەد كامال ئىلكۇل، «بىر يىتىم بالىنىڭ ھاياتى»، ئىستانبۇل، 1962 ـ يىل، 3. 12. 26 ـ بەت
[15]ئەھمەد كامال ئىلكۇل، «شاڭخەي خاتىرىلىرى»، ئىستانبۇل، 1939 ـ يىلى، قەدەر نەشرىياتى 115 ـ بەت؛ «تۈركىستان ۋە جۇڭگو يوللىرىدا ئۇنۇتۇلمىغان خاتىرىلەر» زارىپ ئىش مەتبەئەسى، ئىستانبۇل، 1955، 235 ـ بەت
[16]بىر يىتىمنىڭ ھاياتى، 3 ـ بەت
[17]بىر يىتىمنىڭ ھاياتى ، 5. 8. 9 ـ بەتلەر
[18]بىر يىتىمنىڭ ھاياتى ، 17 ـ بەت
[19]بىر يىتىمنىڭ ھاياتى ، 20 ـ 25. بەتلەر
[20]بىر يىتىمنىڭ ھاياتى ، 25 ـ 29. بەتلەر
[21]بىر يىتىمنىڭ ھاياتى ، 31 ـ 33. بەتلەر
[22]بىر يىتىمنىڭ ھاياتى ، 34 ـ 37. بەتلەر
[23]بىر يىتىمنىڭ ھاياتى ، 39. بەت

[24]ئەھمەت كامال ئىلكۈل، تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدا ئۇنۇتۇلمىغان خاتىرىلەر، ئىستانبۇل زارىف ئىش مەتبەئەسى، 1955 ـ يىل، 19 ـ 20 ـ 21 ـ بەتلەر

[25]تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدا ئۇنۇتۇلمىغان خاتىرىلەر ، 22،23. بەت

[26]تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدا ئۇنۇتۇلمىغان خاتىرىلەر ، 23. بەت

[27]ئەھمەت كامالنىڭ كىتاپلىرىدا بۇ ۋاقىت، 1913 ـ دەپ يېزىلغان. در. يۇسۇف گەدىكلى، تەتقىقات ئارقىلىق توغرا ۋاقتنىڭ 1914 ـ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. در. يۇسۇف گەدىكلىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى بىزگە مەنتىقلىق كەلگىنى ئۈچۈن، بىزمۇ 1914 ـ يىلى دەپ ئالدۇق.

[28]تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدا ئۇنۇتۇلمىغان خاتىرىلەر ، 52. 53. بەت

[29]تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدا ئۇنۇتۇلمىغان خاتىرىلەر ، 54. بەت

[30]ھاببىزادە ئەھمەد كامال، چىن تۈركىستان خاتىرىلىرى، ئىزمىر، 1341 (1925) مەرىپەت مەتبەئەسى، 55 ـ 64 ـ بەتلەر

[31]چىن تۈركىستان خاتىرىلىرى ، 73 ـ 75 ـ بەتلەر

[32]تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدا ئۇنۇتۇلمىغان خاتىرىلەر ، 112 ـ 114 ـ بەتلەر

[33]چىن تۈركىستان خاتىرىلىرى ، 210 ـ 212 ـ بەتلەر

[34]چىن تۈركىستان خاتىرىلىرى ، 230 ـ بەت

[35]چىن تۈركىستان خاتىرىلىرى ، 235 ـ بەت

[36]تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدا ئۇنۇتۇلمىغان خاتىرىلەر، 51 ـ بەت

[37]شاگخەي خاتىرىلىرى ، ئىستانبۇل، 5 ـ 45 ـ بەتلەر

[38]تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدا ئۇنۇتۇلمىغان خاتىرىلەر، 169 ـ بەت

[39]ئادىل ھىكمەت بەي، "ئاسيادا بەش تۈرك" ، نەشرگە تەييارلىغان دوكتور يۇسۇف گېدىكلى، ئۆتۈكەن نەشرىياتى، 1999 –يىلى، ئىستانبۇل، 2 ـ باسمىسى، 117، 452 ـ بەت

[40]ئىلھان مۇساباي، قەشقەردە ئەھمەت كامالغا جۇملىدىن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىغا كۆپ ياردەم قىلغان باھاۋۇدۇن مۇسابايىنىڭ ئاكىسى ھۈسەيىن مۇسابايىنىڭ ئوغلى بولۇپ، 1914 ـ 2 ـ 12 ـ كۈنى قەشقەردە تۇغۇلغان. 1970 ـ 3 ـ 2 ـ كۈنى ئىستانبۇلدا ۋاپات بولغان. ۋاپاتى ھەققىدە، تۈرك دۇنياسى ژورنىلىنىڭ 16 ـ ساندا، تۈرك مەدەنىيتى ژورنىلىنىڭ 90 ـ ساندا ماقالە بېسىلغان. ئىلھان مۇساباي، ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى كۆپ ماقالىلەرنىڭ يازغۇچىسىدۇر.

[41]ئىلھان مۇساباي، «ئەھمەد كامال ئىلكۈلنىڭ ئارقىسىدىن»، تۈرك دۇنياسى، 1966 ـ يىل 2 ـ 3 ـ سان

[42]چىن تۈركىستان خاتىرىلىرى، 30 ـ 31 ـ بەت

[43]چىن تۈركىستان خاتىرىلىرى، 71 ـ بەت

[44]چىن تۈركىستان خاتىرىلىرى، 44 ـ بەت

[45]چىن تۈركىستان خاتىرىلىرى ، 82 ـ 83 ـ بەت

[46]چىن تۈركىستان خاتىرىلىرى ، 28 ـ 29 ـ بەت

[47]چىن تۈركىستان خاتىرىلىرى ، 64 ـ 65 ـ بەت

[48]تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدا ئۇنۇتۇلمىغان خاتىرىلەر ، 103 ـ بەت

[49]چىن تۈركىستان خاتىرىلىرى، 219 ـ بەت

[50]شاگخەي خاتىرىلىرى، ئىستانبۇل،1939 ـ يىلى، قەدەر نەشرىياتى، 7 ـ 12 ـ بەتلەر

[51]شاگخەي خاتىرىلىرى، ئىستانبۇل، 32 ـ بەت

[52]شاگخەي خاتىرىلىرى، ئىستانبۇل، 39 ـ بەت

مەنبە http://uyghuracademy.com/?p=22046

# تۇرپان، پىچان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇڭغارلارغا قارشى كۆرەشلىرى



مامۇت غازى

چاغاتاي ئەۋلادلىرى دەۋرىدىكى تۇرپان چىڭگىزخاننىڭ 7 – ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈرخان 24 يېشىدا جالالىدىن كىتكىنىڭ ئوغلى ئەرشىدىن مەۋلانەمنىڭ تەلىمى بىلەن ئالمىلىقتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، 30 مىڭغا يېقىن موڭغۇلغا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرۇپ، ھىجرىيە 764 – يىلى (1363 – 1364) 34 يېشىدا ئالمىلىقتا ۋاپات بولغان. ئۇ چاغدا باش ۋەزىر خودايداتنىڭ ياردىمى بىلەن سۈيقەستچى قەمرىدىنىنىڭ قىلىچىدىن ئامان قالغان 19 – ئوغلى خىزىر خوجا خۇدايداتنىڭ ھىمايىسىدە قەشقەر، خوتەن تاغلىرى ۋە چەرچەن، چاقلىق ئارىسىدا 10 نەچچە يىل يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ قەمرىدىنىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، مىلادى 1380 – يىلى ئالمىلىقتا خانلىق ئورنىغا ئولتۇرىدۇ، ئاندىن قوشۇن باشلاپ كېلىپ تۇرپاننى بويسۇندۇرىدۇ. قاراخوجىدىكى جەڭدە بىر ئوغلى، يەمشىنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىدا ئايالى ئۆلىدۇ.ئۇ تۇرپان، قۇمۇلنى بويسۇندۇرۇپ، بۇ جايدىكى خەلققە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان دارلئىسلام دەپ ئاتىلىدۇ.خىزىر خوجا 1399 – يىلى باھار پەسلى قۇمۇلنىڭ شەرقىدە بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە ئېغىر ياردار بولغاندا ئادەملىرىگە «جەڭدە يېڭىش – يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ، ئۆلۈمدىن قورققان كىشى جەڭگە ئاتلانمايدۇ. مەن ئۆلسەم يىغا – زارە قىلماڭلار، جەسىدىمنى قايتۇرۇپ كېتىپ تۇرپان يەمشىگە دەپنە قىلىڭلار» دەپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت خان، ئۇنىڭ ئوغلى شىر ئېلى خان، ئۇنىڭ ئوغلى ئۇۋەيسخانلار خانلىق ئورنىدا ئولتۇرغاندىمۇ تۇرپان ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ.

ھىجرىيە 907 – يىلى (مىلادىيە 1503 – 1504) ئەھمەتخاننىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇرخان ئۇچتۇرپاندىن

قۇمۇلغىچە بولغان جايلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ.موللا مىرسالىھ كاشغەرى تەرپىدىن يېزىلغان «چىڭگىزنامە» دېگەن كىتاپتا: مەنسۇرخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان 50 يىلغا يېقىن ۋاقىتتا تۇرپاندا ھېچ قايسى تەرەپتىن كەلگەن ئۇرۇش – جېدەللەر بولمىغانلىقتىن خەلق ئەمىن ياشاپ، دېھقانچىلىق، سودا – سېتىق ئىشلىرى ناھايىتى راۋاجلانغانىدى، دەپ يېزىلغان.مەنسۇرخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوغلى شاھخان ھوقۇق تۇتۇپ 3 – يىلى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا جۇڭغارلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ 5 – ئوغلى مۇھەممەتخان ھىجرىيە 998 – يىلى (1589 – 1590) يەكەندە خانلىق ئورنىغا ئولتۇرغاندا ئۆزىنىڭ كەنجى ئىنىسى، ئابدۇرېشىتخاننىڭ 11 – ئوغلى ئابدۇرېھىم خاننى تۇرپان – قاراشەھەرنىڭ باش ۋالىيسى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئابدۇرېھىم خان ئىقتىدارلىق ھەربىي سەركەردە بولۇپ، بۇ ئىككى ئورۇننى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، جۇڭغارلار بىلەن ئۈچ قېتىم جەڭ قىلىپ ئىلگىرى مەنسۇرخاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئىلى چېگرىسىغىچە بولغان جايلارنى قايتۇرۇۋالىدۇ. ئۇ بىلىملىك كىشى بولۇپ خەلقنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. تارىخىي كىتاپلاردا ئابدۇرېھىم خان ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا تۇرپان خەلقىنىڭ تۇرمۇشى مەنسۇرخاننىڭ ۋاقتىدىكىدىنمۇ ياخشى بولغانىدى، دەپ يېزىلغان.

ئابدۇرېھىم خان بۇ جايلارنى 34 يىلدىن كۆپرەك باشقۇرۇپ، ھىجرىيە 1048 – يىلى (1639 – 1640) 75 يېشىدا تۇرپاندا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. تۇرپان يەمشىدە شىمال بىلەن جەنۇب ئارىلىقى تەخمىنەن 5 كىلومېتىر كېلىدىغان ئارىلىقتا خىزىر خوجىنىڭ قەبرىسى، ئوغلى مۇھەممەت خاننىڭ قەبرىسى، خىزىر خوجىنىڭ ئايالىنىڭ قەبرىسىنىڭ گۈمبەز ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرۇشى، ئەھمەتخان تۇرپاننى باشقۇرۇپ تۇرغان چاغدا ئۇنىڭ 3 – ئوغلى، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھىجرىيە 896 – يىلى (1490 – 1491) لۈكچۈندىكى ئېگىز ئوردىدا تۇغۇلغانلىقى، مەنسۇرخان ئەۋلادلىرىنىڭ تۇرپان ۋە 1 – ئاۋغۇست پولات زاۋۇتىدا، ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ نەسەبىنى ئۇنتۇماي ياشاپ كېلىۋاتقانلىقى يۇقىرىدا دېگەنلىرىمىزگە دەلىل بولالايدۇ. جۇڭغارلارنىڭ تۇرپاننى ئىگىلىشى ئابدۇرېھىم خان ۋاپات بولغان يىلى چوڭ ئوغلى ئابدۇللاخان يەكەن شەھىرىدە خانلىق ئورنىغا ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئىقتىدارلىق كىشى بولۇپ 33 يىللىق

خانلىق ھاياتىدا بۇرۇن قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋېلىپ خانلىقنىڭ ئىناۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ پارچىلىنىشقا قارشى تۇرۇش، ئىلىم – مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ قەشقەرگە 30 يىل ۋالىي بولغان كىچىك ئوغلى يولۋاسخان، پىتنىخور ئىشان ھىدايىتۇللا (ئاپپاق غوجا) نىڭ قۇترىتىشى بىلەن دادىسىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىشقا ئاتلىنىدۇ. ئابدۇللاخان ئوغلى بىلەن ئىككى قېتىم ئۇرۇشقان بولسىمۇ سوپى – ئىشانلار يولۋاسخانغا بولۇشۇپ ئۇرۇشقا ئارىلاشقانلىقتىن ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قېلىپ ئۆز ئورنىدا چوڭ ئوغلى ئابدۇل مۆمىنخاننى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ھىجرىيە 1077 – يىلى (1667 – 1668) ئۆز يېقىنلىرىنى بىللە ئېلىپ ھەج قىلىشقا يۈرۈپ كېتىدۇ.

يولۋاسخان ئاكىسىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ خانلىق ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ياخشى ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ خەلققە زۇلۇم سالغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ چاغدا ئاقسۇغا كېلىپ ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان ئابدۇرېھىم خاننىڭ 5 – ئوغلى، ئابدۇللاخاننىڭ ئىنىسى ئىسمائىلخان قارا تاغلىق سوپى – ئىشانلارنىڭ قوللىشى بىلەن يەكەنگە كېلىپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 11 – ئەۋلاد سۇلتانى بولۇپ خانلىق ئورنىدا ئولتۇرىدۇ. بۇ چاغدا قەشقەردە تۇرۇۋاتقان ئىشان ئاپپاق غوجا بىر تەرەپتىن ئىسمائىل خانغا ھەل قىلىش قىيىن بولغان تەكلىپ قويسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەكەنگە ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ قارا تاغلىق دەپ ئاتىلىدىغان سوپى – ئىشانلارنى ئۇرۇپ جازالاپ تۇتقۇن قىلىپ، ھۆكۈمەت ئۇستىدىن پىتنە – ئىغۋا تارقىتىدۇ. ئىسمائىل خان ئادەم ئەۋەتىپ بۇ خىل قىلمىشنى توختىتىشنى بۇيرۇغان بولسىمۇ بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي داۋاملاشتۇرۇپ يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرگەنلىكتىن ئىسمائىل خان ئاپپاق غوجىنى پۈتۈن ئەۋلادلىرى بىلەن چەت ئەلگە سۈرگۈن قىلىدۇ. بۇ ھىلىگەر ئىشان چەت ئەلدە بەش يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندىن كېيىن ئاخىرى غۇلجىغا كېلىپ غالدان قۇنتەيجىگە يالۋۇرۇپ، ئىسمائىل خاننى ئاغدۇرغاندىن كېيىن قانداق قىلىش توغرىسىدا غالدان ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە قوشۇلىدۇ.

ئۇ چاغدا جۇڭغارلار ئۆزىنىڭ مەركىزىنى قوبۇقساردىن غۇلجا شەھىرىگە يۆتكەپ كېلىپ شەرققە قاراپ ئۇزلۇكسىز ئىلگىرىلەپ، غۇلجىدىن قۇمۇلغىچە بولغان جايلارنى بېسىۋالغان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى بويسۇندۇرۇشقا باھانە تاپالماي تۇرغانىدى. شۇڭا غالدان ئاپپاق غوجىنىڭ تەكلىپى بىلەن 12 مىڭ كىشىلىك جۇڭغار

قوشۇننى باشلاپ يەكەن شەھىرگە ھۇجۇم قىلدۇ.

ئىسمائىل خان قوشۇنلىرى شەھەر دەرۋازىلىرىنى مەھكەم ئېتىپ قايتۇرما جەڭ قىلىۋاتقان چاغدا ئاپپاق غوجا ئىلگىرى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان سوپى – ئىشانلار جۇڭغار قوشۇنلىرىغا شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەكەن شەھىرىنى جۇڭغارلار ئىشغال قىلىپ 1678 – يىل 9 – ئاينىڭ 25 – كۈنى ئىسمائىل خان ئائىلىسى بىلەن جۇڭغارلارغا ئەسىرگە چۈشىدۇ. غۇلجىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن ئىسمائىل خان ئائىلىسى بىلەن نىلقا ناھىيىسىدىكى ئېرەن قوبۇرغا دېگەن جايغا نەزەربەنت قىلىنغان. ئۇزۇنغا بارماي شۇ يەردە كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. ئاپپاق غوجىنىڭ قورچاق خانلىقمۇ 1682 – يىلى ئىسمائىل خاننىڭ ئۇچتۇرپاندا ھاكىم بولۇپ تۇرغان ئىنىسى مۇھەممەت ئىمىن خان (ئاقباشخان) تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدۇ. بەش يىلدىن كېيىن ئاپپاق غوجىنىڭ ھىيلىسىگە ئىشىنىپ سىگىلىسىنى بېرىپ ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىۋالغان مۇھەممەت ئىمىن خانمۇ ئاپپاق غوجا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئاپپاق غوجىمۇ 1694 – يىلى 2 – ئاينىڭ 10 – كۈنى ئۆزىنىڭ 3 – ئەجداد تاغىسى غوجا ئىسھاق ۋەلى (ئىسھاقىيە) كۈچلىرى تەرىپىدىن يەكەندىكى ئوردىسىدا 68 يېشىدا زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭ جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ.

جاڭ يۈشىنىنىڭ «تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇاجۇغا كۆچۈش جەريانى« دېگەن ماقالىسىدا، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن بۇلاڭ – تالاڭ خاراكتېرلىك باج – سېلىقنى يولغا قويغان، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئارخىپ – ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە »تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ھەر يىلى جۇڭغارلارغا 250 چاپان، 215 توپ خەسە، 200 جىڭ پاختا، 40 دەن ئۈزۈم (4000 جىڭ) سېلىق تۆلەيتتى» دەپ يازىدۇ. تۇرپاننى باشقۇرۇۋاتقان ۋالىي ئوبۇل مۇھەممەت خان، شاھخان قاتارلىقلار ھەربىي كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ چارلاشنى كۈچەيتىپ موڭغۇل بۇلاڭچىلىرىنىڭ خەلقنىڭ مال – مۈلكىنى بۇلاپ پاراكەندىچىلىك سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئەينى چاغدا جۇڭغارلارغا قارشى كۆكرەك كېرىپ چىققانلارنىڭ بىرى لۈكچۈننىڭ ئاق ساقلى كېيىنكى توققۇز ئەۋلاد تۇرپان ۋاڭلىقىنىڭ ئاتىسى ئىمىن خوجا ئىدى. ئۇ ھىجرىيە 1105 – يىلى (1694 – 1695) تۇرپان

قارا غوجىدىكى فېئودال خوجا ئەۋلادلىرىدىن سوپى خوجىنىڭ ئوغلى ، تۇرپاننىڭ ئاخۇننىياز خوجا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئىمىن مۇھەممەت ئىمىن خوجا ، كىچىك چېغىدىن باشلاپ قارا خوجا ۋە لۈكچۈندىكى مەدرىسلەردە ئوقۇپ ئۇيغۇرچە ساۋادىنى چىقىرىپ قالماستىن يەنە ئەرەپچە ، پارسچە كىتاپلارنىمۇ ئوقۇيالايدىغان بولىدۇ. 18 ياشقا كىرگەن چاغلىرىدا ، شۇ زاماندا تۇرپاندا كەڭ تارقالغان سوپىلىق ئېقىمىغا قول بېرىپ نام چىقارغانلىقى ئۈچۈن بىر مەزگىل ئىمىن سوپى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ.بۇ چاغدا جۇڭغار نازارەتچىلىرى تەرىپىدىن لۈكچۈننىڭ ئاق ساقاللىقىغا تەيىنلەنگەن كېپىش بەگ دېگەن كىشى ئۆز تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئىمىن سوپىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ.ئىمىن سوپى ئېتىنى ئاغىنىسىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزى ئېگىز ئوردىغا كىرىپ كېپىش بەگ بىلەن كۆرۈشىدۇ.كېپىش ئاق ساقال ئۇنىڭدىن گەپ سوراۋاتقاندا ، ئۇنىڭ ئىمىن خوجىنى تونۇيدىغان ئايالى ئېرىنىڭ ئارقىسىغا تۇرۇپ قولى بىلەن ئۆزىنىڭ كانىيىنى كۆرسىتىپ ، سىنى ئۆلتۈرىدۇ ، قاچ ، دەپ ئىشارەت قىلىدۇ. ئىمىن خوجا «ئېتىم بەك شاش ئىدى ، مەھكەم باغلاپ قويۇپ كىرسەم» دەپ رۇخسەت سوراپ چىقىپ قېچىپ كېتىدۇ.كېپىش ئاق ساقال ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ ئادەم ئەۋەتىپ داۋاملىق ئىزدەيدۇ. ئىمىن خوجا قوي باققۇچىلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ يۇرۇپ ئۆز يېقىنلىرىنى لۈكچۈنگە ئەۋەتىپ ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق ، ھىجرىيە **1130** – يىلى (**1718** – **1719**) رامىزان (9 – ئاي)نىڭ 23 – كۈنى پەيشەنبە كېپىش ئاق ساقالنىڭ شىكارغا چىقىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ 25 نەپەر ئاغىنىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ناغرا – سۇنايى ساداسى ئىچىدە ئېگىز ئوردىنى ئىگىلەپ لۈكچۈننىڭ ئاق ساقاللىق ئورنىدا ئولتۇرىدۇ.كېپىش بەگ قېچىپ بېرىپ سىركىپ تۇرغا مۆكۈۋالىدۇ ، ئىمىن ئاق ساقالنىڭ ئادەملىرى ئۇنى شۇ يەردە بېسىقتۇرىدۇ.شۇندىن باشلاپ جۇڭغارلار ئىمىن خوجىغا بەكمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا موڭغۇللار ئېگىز دۆڭ ئۈستىگە ، مەھەللە ئىچىگە تۇر سالدۇرۇپ ، ئۈستىدە نۆۋەت بىلەن پوس تۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىدىكەن. مۇشۇ چاغدا لۈكچۈن تۆۋەن مەھەللىدىكى موڭغۇل تۇر بىلەن سىركىپ تۇردا تۇرىدىغان جۇڭغار ئەسكەرلىرىنىڭ ئىمىن خوجىغا قىلغان ئەسكىلىكلىرى لۈكچۈن خەلقى ئارىسىدا ھېكايە قىلىنىپ سۆزلىنىپ كەلمەكتە.

بۇ تۇرلار مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدا چېقىۋېتىلدى. پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن رايونىغا قاراشلىق دىھقانسۇ

يېزىسىدا ئېرىقلىرىدا قىش – ياز سۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان تۆگمەنبويى دېگەن مەھەللە بار. بۇ يەرنىڭ سۈيى كۆپ بولغاچقا ئىلگىرى 10 نەچچە تۆگمەن بولغان، ئاتلىق جۇڭغارلار توپلىشىپ كېلىپ، ئۇن تارتقىلى كەلگەن دېھقانلارنىڭ ئۇنلىرىنى بۇلاپ ئارام بەرمەيدۇ. بىر كۈنى بەش ئاتلىق جۇڭغار كېلىپ ھەر بىرى بىردىن تۆگمەنگە كىرىپ خامپىدىكى ئۇننى زورلۇق بىلەن تاغارلىرىغا قاچىلايدۇ. بىرسىنىڭ تاغىرى توشماي تۆگمەنچىدىن: «ئۇن نېمىشقا جىق چۈشمەيدۇ» دەپ سورىغاندا، تۆگمەنچى:«ئىككى قولۇڭنى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىقساڭ تازا جىق چۈشىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆگمەننى توختىتىپ قوپارغۇ بىلەن تۆپە تاشنى كۆتىرىپ تۇرۇپ، موڭغۇل ئىككى قولىنى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا قوللىرىنى تىققاندىن كېيىن، قوپارغۇنى تارتىۋېلىپ ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تاشقا باستۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېرىكلىرى كېلىپ، بۇنىدىن كېيىن كەلمەسلىككە ۋەدە بېرىپ، بۇلىۋالغان ئۇنلىرىنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ياش تۆگمەنچى ئۇيغۇر يىگىت قوپارغۇ بىلەن تاشنى كۆتۈرۈپ موڭغۇلنىڭ قولىنى چىقىرىپ قويىدۇ. بۇلاڭچىلار خۇش بولۇپ «نادمان»(باتۇر) دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ سۆز (نادمان) كېيىن تۆگمەنچىنىڭ ئەۋلادلىرىغا لەقەم بولۇپ قالىدۇ. نادمانلار ھازىرمۇ لۈكچۈن ۋە پىچان دائىرىسىدە ياشاپ كەلمەكتە. پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزا 2 – ئاھالىلەر كومىتېتىدا تارىخچىلار «بۇددا خارابىلىرى» دەيدىغان، يەرلىك خەلق «قالماق ئۆيلىرى» دەيدىغان جاينىڭ شەرق تەرىپىدىكى «بارات تاغ» دەپ ئاتىلىدىغان چوققىنىڭ ئۈستىگە چىقسىڭىز ئادەم ئولتۇرغان ئۆيلەرنىڭ ئىزلىرىنى كۆرىسىز. مانابۇ چوققىدا جۇڭغارلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىدىغان ئەسكەرلىرى تۇرغان.

جۇڭغارلارنىڭ بايرىمى كۈنى ئەسكەرلەر دېھقانلارغا ئۈزۈم ئەپچىقىپ بېرىشنى بۇيرۇيتتى، ئۇيغۇر دېھقانلىرى نەچچە سېۋەت ئۈزۈمنى كۆتۈرۈپ پەلەمپەي ئارقىلىق چوققىغا ئەپچىقىپ بېرەتتى.ئۈزۈمنى يەۋاتقاندا ئەسكەر باشلىقىنىڭ تىلىنى ئۈزۈم ئارىسىدىن چىققان سېرىق ئېشەك (چايان) چېقىۋالىدۇ.شۇنىڭ بىلەن «ئۇيغۇرلار بىزگە دۈشمەنلىك قىلىپ چايانغا چاقتۇردى» دەپ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىقىپ دەسلەپتە ئۇيغۇرلار زىيانغا ئۇچرايدۇ، كېيىن ئەتراپتىكىلەر پىچاق، كالتەك، نەيزە، قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ جۇڭغارلارنى سۈرۈپ توقاي قىلىپ غەلىبە قىلىدۇ. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ سۆزلىشىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلار بىر ئائىلە ئۈچ كۈندىن تاغ ئۈستىگە سۇ توشۇپ بېرىدىغان، نۆۋەتلىشىپ ئوتۇن يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئىككى

تۆرلۈك سىلىقنى بىكار قىلدۇ.

پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن رايونىغا قاراشلىق 6 – ئاھالىلەر كومىتېتى (شاھ) نىڭ غەربىگە توغرا كېلىدىغان خايدا ئەسلى خاندو (خاندو باشلانغان جاي) دېگەن مەھەللە بار، توپراق قاتلىمى قېلىن، يەر تۈزلۈكى ئالاھىدە بولغان بۇ جايدىكى ئۇيغۇرلار جۇڭغارلارغا يىلدا بىر قېتىم بۇغداي، پاختا، قۇرۇق ئۈزۈم، ماتا تاپشۇرۇپ تۇرغان. لېكىن ئۇلار توختاماي ئەمەل قىلماي ئاتلىق توپلىشىپ كېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ خەلققە زۇلۇم سالغان. بۇنداق بۇلاڭچىلىق كۆپ تەكرارلانغاچقا يۇرت كاتتىلىرى مەسلىھەتلىشىپ ئۇلار يەنە كەلسە تەلتۆكۈس يوقىتىشقا بىرلىككە كېلىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي 25 ئاتلىق يېتىپ كېلىدۇ. ئالدىن بىرلىككە كەلگەن پىلان بويىچە ئەسلى خاندونىڭ ئىمامى باشلىق جامائەت ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ نەچچە ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېدە – بوغۇز تۆكىدۇ. ئىمام ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ باشلىقىغا « سىلەر خاتىرجەم تاماق يەپ، دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار، ھازىر بىزنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى، نامازدىن كېيىن سىلەرنى دېگىنىڭلار بويىچە ياخشى يولغا سالىمىز» دەيدۇ. مەزىن مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ ئىككى قۇلىقىنى تۇتۇپ «بۇلاڭچى دۈشمەنلەر كەلدى، تاياق – توقماق، پىچاق – نەيزە، ئورغاق – پالتا قولغا چىققان نەرسىلىرىڭلارنى ئېلىپ، ئەر – ئايال، چوڭ – كىچىك، ياش – قېرى دېمەستىن ئەسلى خاندوغا دەرھال كېلىڭلار. بولمىسا بوگۈن ھەممىمىز ئۆلۈپ تۈگەيمىز» دەپ تەكرار توۋلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسلى خاندودىكى جۈمە مەسچىتنىڭ ئالدى ئادەم بىلەن تولىدۇ. بۇلاڭچىلار تاماق يېيىشكە باشلىغان چاغدا ئادەملەر ئۆيلەرگە تۇيدۇرماي باستۇرۇپ كىرىپ بىرىنمۇ تىرىك قويماي ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭچىلاردىن ئىنتىقام ئالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭغارلارنىڭ بۇلاڭچىلىقى تۇختايدۇ.1700 – يىلنىڭ كىرىشى بىلەن جۇڭغارلارنىڭ زۇلۇمى ناھايىتى ئېغىرلاشتى.

بۇ چاغلاردا تۇرپاننى باشقۇرۇۋاتقان ئاق سۇلتان، شاھ زەپەر قاتارلىقلار جۇڭغارلارغا تۇيدۇرماي يۇرت كاتتىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېيجىڭگە ئالتە قېتىم نۇرغۇن سوۋغا – سالام بىلەن ئەلچى ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كاڭشىنىڭ 59 – يىلى (1720 – يىل) 7 – ئاينىڭ 10 – كۈنى توپىلاڭنى تىنچىتىش قوماندانى فۇ نىڭئەن قوشۇن باشلاپ قۇمۇلدىن يولغا چىقىدۇ. پىچانغا يېتىپ كەلگەندە پىچاندىكى ئۇيغۇر باشلىق 300 ئادەم

بىلەن تەسلىم بولۇپ لۈكچۈنگە يول باشلاپ كېلىدۇ.

لۈكچۈندە ئىمىن خوجا ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئالىدۇ ھەم 36 يۇرت كاتتىلىرىنى باشلاپ تۇرپانغا كېلىپ ئالدى بىلەن چىڭ سۇلالىسىگە بويى سۇنۇپ تەۋەلىك بىلدۈرىدۇ. تۇرپاننىڭ باشلىقلىرىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. كېيىن بۇ قوشۇن يۇڭجېڭنىڭ 3 – يىلى (1725 – يىل) قايتىپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا مۇنداق قوشاق ساقلىنىپ قالغانىكەن:

قاڭقى دۆڭگە تىكىلدى چېرىكلەرنىڭ ئۆيىسى،

قات قات قىلىپ سېلىندى زىلچا ـ گىلەم كۆرپىسى.

تۆت يىلغىچە چىقمىدى تۇرپاندا ھېچ شەپىسى،

ئاخىرى ياندى ئارقىغا قېتىلقىكەن مەپىسى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۇرپاندىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن جۇڭغارلار تۇرپانغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئىمىن خوجىغا تەھدىت سېلىپ بېسىم ئىشلىتىدۇ. ئىمىن خوجا باش ئەگمەي جۇڭغارلار بىلەن ئۇرۇشۇپ جۇڭغارلارنى تۇرپان تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا تەييارلىنىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن ھەربىي ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھازىرچە ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى، تۇرپان خەلقىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كۆچۈرۈپ كېلىپ خاتىرجەم تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇشنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ چاغدا توختى ماموت دېگەن ئادەم باشچىلىقىدا 650 كىشى كۆچۈپ بېرىپ ۋېيلوباۋ دېگەن جايغا ئورۇنلىشىدۇ. 1731 – يىلى جۇڭغارلار قوشۇن باشلاپ كېلىپ لۈكچۈننى 40 كۈن قامال قىلىپ ئىمىن خوجىنى تەسلىم بولۇشقا قىستايدۇ. لېكىن ئۇ تەسلىم بولۇشنى قەتئىي رەت قىلىپ ئادەملىرىگە ئىلھام بېرىپ جۇڭغار قوشۇنلىرى بىلەن جان تىكىپ سوقۇشىدۇ. ئاخىرى قومۇلدا تۇرۇۋاتقان چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ياردەمگە كېلىپ قامالنى بىكار قىلىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا چىڭ ھۆكۈمىتى «كۆچمىگەن ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا مەلۇم بولسۇنكى ناۋادا دۈشمەننى يېڭىشكە ئاجىزلىق قىلساڭلار ئۇرۇشماي كۆچۈپ كەلگىنىڭلار تۈزۈك، مەزكۇر يارلىق تارقىتىلغاندىن كېيىنمۇ بىقارار بولۇپ ئۆز جايىڭلاردا تۇرىۋەرسەڭلار دۈشمەننىڭ پاراكەندىچىلىكىگە يەنە ئۇچرىغان چاغدا ئۆزەڭلارنىڭ ئىشىنى ئۆزەڭلار بىر تەرەپ قىلىڭلار، قوشۇنىمىز

سلەرنى پاناھغا ئېلىشقا يەنە بارمايدۇ» دەپ ئۆقتۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ئۆقتۇرۇشتىن كېيىن تۇرپان، پىچان تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلاردىن ئىمىن خوجا باشچىلىقىدا 10 مىڭغا يېقىن ئادەم 1732 – يىلى تۇركۇمگە بۆلۈنۈپ ئىچكىرىگە كۆچۈپ بېرىپ گۇاجۇ دېگەن جايغا ئورۇنلىشىپ ھۆكۇمەتنىڭ ياردىمى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كۆچۈرىدۇ. 1745 – يىلى غۇلجىدىكى جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى غالدان ئۆلۈپ ئۆز ئىچىدە ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى يۈز بېرىدۇ. 1752 – يىلى داۋاچ بىلەن ئامۇرسانا بىرلىشىپ قوشۇن باشلاپ كېلىپ لاما دارجىنى ئۆلتۈرۈپ داۋاچىنى خانلىققا ئولتۇرغۇزىدۇ. 1754 – يىلى ئىمىن خوجا داۋاچى بىلەن سوقۇشۇپ يېڭىلىپ قېلىپ چىڭ سۇلالىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى غۇلجىغا ماڭغاندا ئىمىن خوجمۇ گۇاجۇدىن 300 ئادەمى بىلەن يول باشلاپ غۇلجىغا كېلىدۇ. قايتىشىدا تۇرپاندا قېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ گۇاجۇغا قايتقاندىن كېيىن گەنسۇ باش ۋالىيسى خۇاڭ تىڭگۈيگە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇپ كېتىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىپ : «بۇلتۇر مەن خان ئالىيلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن لەشكەرلەرگە يول باشلاپ ئىلىغا باردىم.قايتىش سەپىرىمدە تۇرپانغا كېلىپ ئۇ يەردە موڭغۇللارنىڭ يوقلۇقىنى، پەقەت 400 ئۆيلۈك ئۇيغۇر پۇقراسىنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم. مەن ئىلىغا بارغاندا ئىلگىرى ئەسىر قېلىپ تۇتۇپ كەتكەن 100 ئۆيلۈك ئۇيغۇرنى كۆرۈپ تۇرپانغا قايتۇرۇپ كەلدىم. ھازىر تۇرپاندا 500 ئۆيلۈك ئۇيغۇر بار، بۇرۇن بۇ جايدا دائىم دېگۈدەك ئۇرۇش ۋە يغىلىق بولۇپ تۇرغاچقا ئادەملىرى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن.

ھازىر تۇرپان، لۈكچۈن قاتارلىق 16 ئورۇندا ئېچىشقا تېگىشلىك يەر كۆپ، ھازىر گۇاجۇدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار 2337 ئائىلە، 8818 ئادەم، ئۇلار تۇرپانغا كۆچۈپ بارسا پۈتۈنلەي ئورۇنلاشتۇرۇپ كەتكىلى بولىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان، پىچان ئۇيغۇرلىرى 1765 – يىل 3 – ئايدىن باشلاپ ئىمىن خوجىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇركۇمگە بۆلۈنۈپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشكە باشلايدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار ۋە ئىزاھات:

مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» ئۇيغۇرچە قول يازما نۇسخىسى.
موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل 12 – ئاي نەشرى.
موللا مىر سالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە» ھاجى نۇر ھاجى نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان.
جاڭ يۈشىننىڭ «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئىجتىمائىي پەن قىسمى (ئۇيغۇرچە) 1984 ـ يىل 3 ـ سانىغا

بېسىلغان «تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇاجۇغا كۆچۈش جەريانى» دېگەن ماقالىسى. قوشاقنى پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزىسىغا قاراشلىق سۇ بېشى كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق تارىخچى 75 ياشلىق ئەيساموللا 1957 – يىل 6 – ئاينىڭ 23 – كۈنى ئۆيىدە ئېيتىپ بەرگەن.

# نىمشېھىتنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى





نىمشېھىت ( ئارمىيە ئېلى سايرامى ) ( 1904 – 1971 ) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق پىشۋالىرىدىن بىرى. مەشھۇر شائىر ، مائارىپچى ، ژورنالىست ۋە جامائەت ئەربابى. ئۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى بىر – بىرىگە تۇتاشتۇرغۇچى كۆۋرۈك ، دېگەن پەخىرلىك نامغا ئىگە.

نىمشېھىت كىچىكىدىنلا زۇلۇمغا ، جاھالەتكە قارشى ئىسيانكار خارەكتېرنى يېتىلدۈرگەن ھەم بۇ خىل روھنى ھۆرلۈككە ئىنتىلىشىنىڭ ، مەرىپەتلىك بولۇشنىڭ ،يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ خورىماس ئىلھامى ھەم ئىجادىيەتتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرغان. ئۇ يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە ساۋات چىقارغاندىن كېيىن ، 1922 ـ يىلدىن 1928 – يىلغىچە باي ۋە كۆچادىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇغان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ خەلق قوشاقلىرى شەكلىدە يازغان «بازار ۋە مازار» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى قولىيازما ھالەتتە ئەل ئىچىگە تارقالغان. 1929 ـ يىلى ئۇ قەشقەرگە بېرىپ شۇ زامانىنىڭ داڭلىق ئىلىم مەركىزى «خانلىق مەدرىسە» دە ئوقۇغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ «مادارا ئەئزەم» («چوڭ ياراشتۇرۇش» ) ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان «ئەنۋارۇلھۇدا» ( «ھەقىقەت نۇرلىرى» ) ناملىق قەسىدىسىنى روياپقا چىقىرىپ ، تالانتلىق شائىر سۈپىتىدە تونۇلغان.

ـ 1933يىلى قەشقەردە زۇلۇمغا قارشى خەلق قوزغىلىڭى پارتىلاتقاندا ، ئەرميا ئېلى ئۇنىڭغا ئاكتىپ قاتناشقان ھەم بىر قېتىملىق جەڭدە بويىنغا ئوق تېگىپ ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغان. شۇڭا ، ئۇ دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن يازغان شېئىرلىرىنى «نىمشېھىت» ( يېرىم جان ) دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئېلان قىلغان. ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭىچە مائارىپ ۋە ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللانغان. 1936 ـ يىلى 2 – ئايدا ، «بىلىم ئىشقىدا» ناملىق مەشھۇر شېئىرىنى يېزىپ ، پۈتكۈل ئوتتۇرائاسىيادا زىلزىلە پەيدا قىلغان.

نىمشېھىت 1936 ـ يىلنىڭ كېينكى يېرىمىدىن 1945 ـ يىلى 1 – ئايغىچە «ئاقسۇ ئۇچۇرى» ( كېيىن «ئاقسۇ گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلگەن ) تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئۇيغۇر

خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «مىڭ ئۆي ۋە پەرھات – شېرىن» ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى توپلاش ، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «مىڭ ئۆي ۋە پەرھات – شېرىن» ناملىق مەشھۇر داستاننى يېزىپ ، دۇنياۋى ئۇلۇغ شائىر نەۋائىدىن كېيىن بۇ ئۆلمەس تېمىنى ئۆزگىچە تەپەككۇر ۋە بەدىئىي ئىستىدات نۇرى بىلەن يورۇتقان.

نىمشېھىت 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ، ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئارمىيىسىنىڭ ئاقسۇغا چۈشكەن قىسمى بىلەن بىللە غۇلجىغا چىقىپ كەتكەن ھەم مىللى ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى تەشكىل قىلغان «تارىخ يېزىش» ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ، ئىلىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندا ، ئۇ «ئىتتىپاق» نىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە ئۇنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «ئىتتىپاق» ژورنىلى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. بۇ مەزگىلدە ، ئۇ «مىڭ ئۆي ۋە پەرھات – شېرىن» داستانىنى تولۇقلاپ يېزىپ ، «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلغان ھەم ئۆز خىراجىتى بىلەن 3000 نۇسخا باستۇرۇپ تارقاتقان. ئۇ بۇ جەرياندا شېئىرىيەت بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي ، يەنە سەھنە ئەسىرى ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ ھېچقانداق ئەمەل ۋە ئىمتىياز تەمەسىدە بولماي ، يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە ئاددىي پۇقرالىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن ھەم داۋاملىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1956 ـ يىلى جۇڭگو ھەج ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە 10 غا يېقىن دۆلەتتە زىيارەتتە بولغان. شۇ قېتىمقى سەپەر جەريانىدا ، ئۇ «سېغىنىدىم» ناملىق مەشھۇر شېئىرىنى يېزىپ كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان.

نىمشېھىت 1960 ـ يىلدىن باشلاپ بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ مول ھەم يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ قەدەم تاشلىغان. «ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ، ئارزۇ ۋەزىنلىك شېئىر شەكلىنى مەزمۇن جەھەتتە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرىنى كۈيلىگەن. ئۇنىڭ شېئىر – داستانلىرى تىلىنىڭ راۋانلىق ، چۈشىنىشلىكلىكى ، تۇراق ۋە رىتىملىرىنىڭ تەڭكەشلىكى ، قاپىيىلىرىنىڭ توق ۋە گۈزەللىكى جەھەتتە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈن ياخشى نەمۇنە بولغان. شائىر ھەرخىل ئۇسلۇبتىكى ۋاستىلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ، ئۆز پىكرىنى چوڭقۇر

شېئىرىي ھېسيات ۋە جانلىق شېئىرى ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. ئۇقۇملاشتۇرۇش ، قېلىپپازلىق ، شۇئارۋازلىق ، كالىندارچىلىقتەك خاھىشلاردىن تېرىشىپ ساقلانغان... نىمشىھت شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن دېموكراتىك ئىدىيە ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مەرپەتپەرۋەرلىك روھ ئۇنىڭ ھەقىقى ۋەتەنپەرۋەر ، خەلىق پەرۋەر شائىر ، يېڭى دەۋرنىڭ يالقۇنلۇق كۈيچىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلايدۇ. شائىرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بىر قولىغا قەلەم ، بىر قولىغا ئەلەم ئېلىپ خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەمگىكى ئۇنىڭ كۈرەشچان ، جەڭگىۋار ھاياتىنىڭ تىمسالى.»...

ئەپسۇسكى ، شائىر زور ئىجادىي قىزغىنلىق بىلەن «مىڭ ئۆي ۋە پەرھات – شېرىن» داستانىنى ئاخىرقى قېتىم تولۇقلاپ يېزىپ بولۇپ ، «گۆر ئاغزىدىن يانغاندا» ناملىق شېئىرىي رومانى ۋە «يۈسۈپ – زىلەيخا» داستانى ئۈستىدە جىددىي ئىشلەۋەتقان پەيتتە ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت تەتۈر قويۇن كۆتۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك ئىجادىي ئەمگەكلىرى ۋەيران قىلىۋېتىلدى ۋە ئۆزىمۇ مىسلىسىز ئېغىر خورلۇق ۋە ناھەقچىلىق تۇپەيلىدىن ، 1971 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئېچىنىشلىق ھالدا بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى.

شائىر ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ يەرلىكدە ئارامخۇدا يېتىش ئەركىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭ مۇردىسى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەھىمسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى كىندىن قېنى تۆكۈلگەن يۇرتى تېزەككاغۇدا يېتىشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسىمۇ ، ئارزۇسىغا يېتەلمىدى ، ئۇنىڭ ئايالى بۇ ئەقەللىي ۋەسىيەتنى ئورۇنداشقىمۇ ئامالسىز ئىدى. ئۇ زار ـ زار يىغلىغان ھالدا ئەترەت كاتىۋاشلىرىغا تاۋۇت ۋە نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىككە قويۇشقا ئادەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇ چاغلاردا مەسچىتلەر چېقىپ تاشلانغاچقا ، تاۋۇت ئەترەت ئىسكىلاتىدا ساقلىناتتى. يۈرىكى قازاننىڭ كۈيىسىدەك قارىداپ كەتكەن بىر نادان:

ـ تاۋۇتنى بېرىشكە بولمايدۇ ، چۈنكى تاۋۇت زەھەرلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتىنى قەبرىستانلىققا قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ، ئۆلۈكلەرنى زەھەرلەيدۇ ، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۆيىنىڭ بىردىنبىر مۈلكى بولغان كارىۋاتىنىڭ پۇتى ئېلىپ تاشلىنىپ تاۋۇت قىلىندى ،

«زەھەرلەنسمۇ مەيلى» دەپ قارالغان «تۆت خىل ئۇنسۇر» دىن ئۈچ – تۆتى تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ ، مەھەللە ۋە قەبرىستانلىقتا يىراق بولغان چۆل تاغ باغرىدىكى يۇلغۇن تۈۋىگە ئېلىپ باردى. مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدىسى بويىچە يەرلىك ئېلىنماستىن ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئۆرەك كولىنىپ مۇردا قويۇلدى. ئاندىن ئۈستى گەمە ياپقان شەكىلدە ئېتىپ كۆمۈۋېتىلدى....

يۆلەنچۈگىدىن ئايرىلغان ئىمىرنىساخان بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، قاراڭغۇ ، زەي ، غېرىب كەپىسىگە قايتىپ كەلدى. لېكىن ، يورۇق كۈن ئۇنىڭغىمۇ نىسىپ بولمىدى. 1975 ـ يىلى 6 – ئاينىڭ 29 – كۈنى جەبىر – جاپا ، دەرت – ئەلەم دەستىدىن بەللىرى مۈكچەيگەن بۇ ئانا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى.

# ھېرمان ۋامبېرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرى

**خەيرۇللا ئىسمەتۇللايۇۋ(ئۆزبېكىستان)**

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: بەگيار




ئىلاۋە: 2011 ـ يىلى 17 ـ مارت كۈنى كەچتە«شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستا نسىسى» 2 ـ قانىلى«مەدەنىيەت بوستانى»پىروگىراممىسىدا ، مەشھۇر رومان «باھادىر نامە»نىڭ ئاپتۇرى، تونۇلغان يازغۇچىمىز ياسىنجان سادىق چوغلان بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت كۆرسىتىلدى. سۆھبەت جەريانىدا يازغۇچىمىز ياسىنجان سادىق چوغلان ھېرمان ۋامبېرىنىڭ «بۇخارا ياكى

ماۋەرائۇننەھر تارىخى»ناملىق ئەسىرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. دېمەك، بىز ۋېنگىرىيىلىك يەھۇدىي سەيياھ ھېرمان ۋامبېرىنى «بۇلاق» ژورنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن 2002 ـ يىللىق1 ـ سانىغىچە ئۇلاپ ئېلان قىلىنغان «بۇخارا ياكى ماۋەرائۇ ننەھرتارىخى»ناملىق ئەسىرى بىلەن تونىيمىز، ھەمدە ئۇنى تۈركىي خەلقلەر ۋە ئىسلام تارىخىغا ئائىت 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ئەسەر يازغان غەرب ئالىمى دەپ بىلىمىز. ئەمما ئۇنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكى ھەققىدە كۆپ نەرسە بىلمەيمىز. شۇڭا مەن ھېرمان ۋامبېرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھىتى جەريانىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى ۋە قىسمەن ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلىش جەريانى تونۇشتۇرۇلغان بۇ ماقالىنى نەشرگە تەييارلاپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇم.

راشد ئەپەندى

ۋېنگىرىيەلىك ھېرمان ۋامبرىنىڭ دەرۋىش سىياقىدا راشدئەپەندى، راشد ھاجى دېگەن ئىسىملار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى بويلاپ قىلغان سەپىرىگە 125 يىل تولدى.

مانا، ئۆتكەن 125 يىلدىن بېرى ماجارىستانلىق بۇ سەيياھنىڭ نامى جاھان خەلقلىرىگە ياد بولۇپ،ئېنسىكلوپېدىيە، قامۇسلاردىن چۈشمىدى. ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان كىتاپلىرى ھازىرمۇ ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن قىزىقىپ ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئونلىغان كىتاپلار يېزىلىپ، فىلملەر ئىشلەنگەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ھېرمان ۋامبېرى كىم؟

ھېرمان ۋامبېرى 1832 ـ يىلى 19 ـ مارت كۈنى دوناي ئاراللىرىدىن بىرىگە جايلاشقان كىچىك ۋېنگىر شەھرى ئەتراپىدىكى بىر يەھۇدىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 12 ياشقىچە يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇغان، كېيىن ئەۋلىيا گىئورگىي گىمنازىيىسىگە كىرگەن. ئۇ 16 يېشىدىن باشلاپلا ماجار (ۋېنگىر)، لاتىن تىللىرىدىن تاشقىرى، فىرانسۇز، نېمىس، ئېنگىلىز ۋە سكاندىنوۋىيە تىللىرىنى ياخشى ئۆگەنگەندىن تاشقىرى، روس ۋە باشقا سلاۋيان تىللىر ىدىنمۇ خەۋەردارئىدى. ئاتا ـ ئانىسى بالدۇرلا ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ياش ۋاقتلىرىدىن تارتىپلا جاپا ـ مۇشاقەتتىن قاچمايدىغان بولۇپ يېتىلگەن.

ۋامبېري تىل تۈگۈنىشكە خېلى بۇرۇنلا قىزىققان بولۇپ، غەرپ ۋە شەرق تىللىرىنى تۈگۈنىش ئۇنىڭ چوڭ ئارزۇسى ئىدى، ئۇنىڭ يەنەبىر ئارزۇسى بارئىدى، ئۇ بولسىمۇ ۋېنگىر تىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ شەرق تىللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئىدى.

شۇ مەزگىللەردە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بىرقىسىم ئالىملار ۋېنگىر(ماجار) لارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ياكى باشقىرت تۇزلەڭلىكىدىن كۆچۈپ كەلگەن دېگەن قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرۈ شكەن. ھ. ۋامبېرى ياشلىق مەزگىلىدىن باشلاپلا بۇ مۇجمەل مەسىلىگە جاۋاپ ئىزدەپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بىرقېتىم كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جاۋاپ تاپقاندەك بولدى. ئۇ شۇنداق دەپ يازىدۇ:« بىز ئاسىيادا قېپ قالغان ئۇرۇقلىرىمىزنى ئىزلەۋاتىمىز، دېگەن پىكىر خاتا دۇر... بىز ئۆز تىلىمىزنىڭ ئېتمولوگىيلىك تۈزۈلىشىنى ئېنىقلاشقا تىرىشىۋاتىمىز،بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئېنىق بولغان مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن قېرىنداش تىل ۋە شىۋىلەرگە مۇراجەت قىلىمىز »(ھ.ۋامبېرى «ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھىتى»لوندون، 1865 ـ يىل ئېنگىلىزچە نەشرى، 1 ـ بەت)

مەلۇمكى، ۋېنگىرتىلى ئالتاي تىللىرى ئائىلىسىگە كىرىدۇ. ھ.ۋامبېرىينىڭ ئارزۇسى ۋېنگىر تىلىنى ئالتاي تىللىرى ئائىلىسىنىڭ فىن ـ ئۈگۈر تىللىرى گۇرۇپىسىغىمۇ ياكى تۈركىي تىللار گۇرۇ پىسىغا تەۋەلىكىنى ئېنىقلاش ئىدى. ئۇ مۇشۇ مەقسەتتە ئازراق مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن ،1852 ـ يىلى ئاسىيا مەملىكەتلىرىدىن ئەڭ يېقىن بولغان تۈكيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئاشۇ يىللاردا كونستانتىنپول دەپ ئاتىلىدىغان ئىستامبۇلغا كۆچۈپ بېرىپ،تۈرك ئائىلىلىرىدە غەرپ تىللىرى، جۈملىدىن فىرانسوز تىلىدىن دەرس ئۆتۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاۋال پاشا ھۈسەيىن دائىنىڭ قەسرىدە، كېيىن دوستى ۋە مەسلىھەتچىسى موللا ئەخمەت ئەپەند ىنىڭ تەسرىدە تامامەن ئوسمان تۈركلىرىنىڭ سىياقىغا كىرىدۇ، ھەمدە فۇئات پاشانىڭ ئىدارىسىغا ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ. «بىر نەچچە يىل تۈرك قەسىرلىرىدە بولۇشۇم، ئىسلام مەكتە پلىرىگە ۋە كىتاپ دۇكانلىرىغا قاتراپ يۈرۈشۈم» ـ دەپ ئەسلەيدۇ، ھ.ۋامبېرى،«مېنى ناھايىتى تېزلا بىر تۈرككە، ھەتتا ئەپەندىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى ». ھ. ۋامبېرى ئىستامبۇلدا تۈرك تىلى ۋە چاغاتاي (كونا ئۆزبېك تىلى) تىلىدىن

تاشقىرى يەنە ئەرەپ، پارس تىللىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئۆگەندى، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرى بىلەن مۇكەممەل تونۇشتى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئىسلام دىنى توغرىسىدا ئىگەللىگەن بىلىمى بىر مولللىنىڭ بىلىمىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. يەنە تېخى 1858 ـ يىلى چاغاتايچە(كونا ئۆزبېكچە) ـ نېمىسچە لوغەت(تەخمىنەن 40 مىڭ سۆز لۇك) تۈزۈپ، ئىستامبۇلدىكى نەشرىياتلاردا نەشر قىلدۇردى.

بۇلار ھ. ۋامبېرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت قىلىش پىلانىنىڭ باشلىنىش باسقۇچى ئىدى. « مىنىڭ تىل ئۆگىنىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىم» ،دەپ خاتىرلەيدۇ. ئۇ،« شەرققە قاراپ قىلىۋاتقان ساياھىتىمنى داۋاملاشتۇرۇشۇم ئۈچۈن مېنى تېخىمۇ روھلاندۇردى، مەن ئوتتۇرا ئاسىياغاكىرىشكە بەل باغلىغانكەنمەن،چوقۇم ھازىرقى ئەپەندى قىياپىتىمنى ساقلاپ قېلىشنى ،شەرققە شۇ مەملىكەتنىڭ تەبئىي پۇخراسى سۈپىتىدە بېرىشنى توغرا دەپ ھېساپلىدىم.»

ھ. ۋامبېرى ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىدە 1863 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تېھرانغا كەلدى ۋە بۇ يەردە ئوتتۇرا ئاسىياغا بىر دەرۋىش قىياپىتىدە كىرىپ ساياھەت قىلىش پىلانىنى تۈزۈشكە باشلىدى. بۇ پىلان بويىچە، ئۇ مەككىدىن كېلىۋاتقان ھاجىلارنىڭ كارۋىنىغا قوشۇ لۇۋېلىپ، شۇلار بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشى ۋە ئىسمىنى ئۆزگەرتىشى لازىم ئىدى. شۇنداق قىلىپ تېھراندا ھ.ۋامبېرىنىڭ ئىسمى ئۆزگەرتىلدى،ئەمدى ئۇ راشىد ئەپەندى دىگەن نام بىلەن ياشاشقا مەجبۇر ئىدى. كېيىنچە كارۋاندىكىلەر ئۇنى راشىد ھاجى دەپمۇ ئاتىدى.

1863 ـ يىلى 27 ـ مارت كۈنى تۈركىيىنىڭ تېھراندىكى ئەلچىسى راشىد ئەپەندىنىڭ ئو تتۇرا ئاسىياغا قىلىدىغان سەپىرىگە ئاق يول تىلەش يۈزىسىدىن زىياپەت ئۆتكۈزدى...

1863 ـ يىلى 28 ـ مارت كۈنى كەچقۇرۇن راشىد ئەپەندى دەرۋىش قىياپىتىدە مەككىدىن قايتىۋاتقانلار بىلەن بىرگە ھازىرغىچە بىزگە نامەلۇم بولغان مىڭ خىل پىلان، مىڭ خىل ئوي ـ خىياللىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى.

ۋامبېرى ئوتتۇرا ئاسىيادا

1863ـ يىلى 29ـ ماي كۈنى ھ. ۋامبېرى قوشۇلۇۋالغان كارۋان خىۋە خانلىقى تۇپرىقىغا قەدەم قويدى. 30ـ ماي كۈنى خىۋە شەھرى يېنىدىكى بىر يېزىدا دەم ئالدى. ھ. ۋامبېرى: بىز 30ـ ماي كۈنى ئۆزبېكلەر يېزىسىغا قەدەم قويدۇق، بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى مەن كۆرگەن تۇنجى ئۆزبېكلەرئىدى؛«ئۇلار بەك ئاجايىپ ئىنسانلار ئىكەن»ـ دەپ يازىدۇ خاتىرىسىگە. (ھ.ۋامبېرى «ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت»لوندون، 1865ـ يىل ئېنگىلىزچە نەشرى،63ـ بەت.)

خىۋەنى كۆرگەن ۋامبېرى ھەيرەتتە قالدى.«مەن دەسلەپتە خىۋەنىڭ شۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنلىكىنى سەھرا بىلەن سېلىشتۇرغانلىقىمدىن بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان ئىدىم. ياق، ياق! خىۋەنىڭ ئەتراپىدىكى ئاسمانغا تاقاشقان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كىچىك ھويلىلار، كۆ پكۆك يايلاقلار ۋە پايانسىز داللار ھازىرمۇ، ياۋروپانىڭ غايەت گۈزەل يەرلىرىنى قايتا كۆرگىنىمدىن كېيىنمۇ ھەم مەن ئۈچۈن ئەڭ چىرايلىق بولۇپ تۇيۇلدى»(ھ.ۋامبېرى «ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت»لوندون، 1865ـ يىل ئېنگىلىزچە نەشرى، 64ـ بەت.)

ئامۇ دەرياسىنىڭ سۈيى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغانمىز. ھ.ۋامبېرىينىڭ بۇ ھەقتە يازغانلىرى بولسا،يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا ھەقىقى دەلىللەرگە قوشۇلغان بىردەلىل ۋۇر:«دۇنيادا بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر دەريا يوق، مۇبارەك نىل دەرياسىمۇ بۇ دەرياغا ئو خشمايدۇ دېيىشىدۇ. مەن بولسام، بۇ دەريانىڭ سۈيىنىڭ تاتلىقلىغى ھەققىدىكى گەپلەرنى سۇسىز چۆلدىن چىقىپ، ئۇنىڭ قىرغاقلىرىدا ئارام ئېلىش نەتىجىسىدە كۆپتۈرۈپ ئېيتىلغان گەپ بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. بىراق كېيىنچە مەن بۇنىڭ كۆپتۈرۈلگەن گەپ ئەمە سلىكىگە ئىشەندىم. شۇنداق دىيەلەيمەنكى، مەن بىلىدىغان دەريالار ئىچىدە سۈيى ئەڭ شېرىن نىى مۇشۇ ئامۇ دەرياسىدۇر»( ھ.ۋامبېرى «ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت»لوندون، 1865ـ يىل ئېنگىلىزچە نەشرى،78ـ بەت)، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ ماجار سەييياھ.

ھ.ۋامبېرىنىڭ يېزىشىچە،«خىۋەنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، ئۇ بۇغداي، شال، يىپەك، پاختا قەغىزى، سۈپەتلىك قىزىل بوياق چىقىدىغان رويان ناملىق يىلتىزى بىلەن شۆھرەت قازانغان. خىۋەنىڭ

مۆلىرى شۇنداق ياخشىكى، ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان مۆلىلەرنى ئىران ۋە تۈركىيە لەردىنلا ئەمەس ،بەلكى ياۋروپانىڭ ئۆزىدىنمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. دېمىسىمۇ ، ھەزاراسپىنىڭ ئاتلىرى ۋە خۇۋە ئاتالىرىنىڭ دۇنيادا تەڭدىشى يوق، تاۋۇز، قوغۇنلىرىنىڭ تەممۇ ئاجايىپ ياخشى بولۇپ، قوغۇنلارنىڭ تەمى بىجىڭغىچە مەلۇم. ئېيتىشلىرىچە ، ئوسمانىلار سەلتەنە تىنىڭ سۇلتانى پات ـ پات ئۆرگەنچ قوغۇنلىرىنى سېغىنىپ قالىدىكەن. بۇ قوغۇنلار روسىيىدىمۇ يۇقىرى باھادا سېتىلىدۇ. بىر ھارۋا قىشلىق قوغۇنغا بىر ھارۋا شېكەر تېگىشكىلى بولىدۇ» (ھ. ۋامبېرى «ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھىتى» لوندون، 1865 ـ يىل ئېنگىلىزچە نەشرى، 170 ـ بەت.)

ھ. ۋامبېرى ئۆزىنىڭ يەنەبىر كىتابى، ـ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى»دا خۇۋەنىڭ قوغۇ نلىرى توغرىسىدا توختىلىپ، ئۇلارنى ناھايىتى يۇقىرى باھالايدۇ:«سىز خۇۋە قوغۇنلىرىغا ئو خشاش قوغۇنلارنى ئاسىيادىنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن يەر يۈزىدىن تاپالمايسىز. ئۇلارنىڭ شىرىنلىكىنى ھەتتا ياۋروپالىقلارمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ئۇلار شۇ دەرىجىدە شېرىن ۋە خۇشبۇ يىكى،ئېغىزدا ئېرىيدۇ. ئەگەر ئۇلار نان بىلەن يېيىلسە، بىزگە تەبىئەت ئىنئام قىلغان ئەڭ ياخشى تائام شۇ بولۇپ قالىدۇ»( «ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى»لوندون،1868 ـ يىل ئىنگلىز چە نەشرى،226 ـ بەت). ھ. ۋامبېرى يەنە، تېز پىشار قوغۇندىن 10 نىڭ، قىشلىق قوغۇندىن بەشنىڭ نامىنى ئاتاپ، ئۇلارنى تولىمۇ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەرىپلەيدۇ.

ھ. ۋامبېرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پاختىسىغا ئالاھىدە قىزىققان. ۋامبېرىينىڭ بۇنىڭدىن 125 يىل ئاۋال چىقارغان خۇلاسىسىگە كۆرە، ئوتتۇرا ئاسىيا پاختىسىنىڭ كېلەچىكى پارلاق. «تۈر كىستان پاختىسى ھىندى، ئىران ۋە مىسىر پاختىسىدىن ياخشى،كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ پىكرىچە،ئۇ مەشھۇر ئامېرىكا پاختىسىدىن قېلىشمايدۇ»(«ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى» لوند ون،1868 ـ يىل ئىنگلىزچەنەشرى،229 ـ بەت). ھ.ۋامبېرىنى تەشۋىشكە سالغان مەسىلە ـ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پاختىسىنى پەقەت روسىيەنىڭلا يىلدىن ـ يىلغا تېخىمۇ كۆپ سېتىۋېلىشى ئىدى. ۋامبېرى بۇ مەسىلىدىمۇ ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىش كۆرگەن. ئۇ 1840 ـ 1860 ـ يىللىرى بۇخارا

ئەمرلىگى ۋە خىۋە خانلىقىدىن روسىيە سېتىۋالغان پاختىنىڭ مىقدارى ۋە نەرخىگە قىزىققان ۋە بۇ سودىنىڭ جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىققان. ھ.ۋامبېرى تۈزگەن جەدۋەلدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا پاختىسىنىڭ روسىيەگە چىقىرىلىشى 1840 ـ 1850 ـ يىللار دىكىگە نىسپەتەن 1853 ـ 1860 ـ يىللىرى ئىككى ھەسسە ئاشقان. روسىيە 1840 ـ 1850 ـ يىللىرى يالغۇز بۇخارا ئەمرلىگىدىن ئىككى مىليون 65 مىڭ 679 فونتستېرلىڭلىق پاختا سېتىۋالغان بولسا، 1853 ـ 1860 ـ يىللىرى 4 مىللىيون 237 مىڭ 772 فونتستېرلىڭلىق پاختا سېتىۋالغان. («ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېركلىرى»لوندون، 1868 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 231 ـ بەت.)

ھ.ۋامبېرى تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ قىزىلما بايلىقلىرى توغرىسىدىمۇ خېلىلا كەڭ ۋە ئەمىلىيەتكە برقەدەر يېقىن مەلۇماتلارنى خاتىرلەپ قالدۇرغان. «مەن شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى»، دەپ يازىدۇ ئۇ؛«تۈركىستان بايلىقى ئاز ئۆلكىلەردىن ئەمەس. ئۇنى قۇم گەردىشلىك ئالماس دەپ بىكار ئېيتىشمايدۇ. كەلگۈسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققەتەنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ، شەرق مەملىكەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگەللەيدۇ » («ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېركلىرى»لوندون، 1868 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 238 ـ بەت.)

ھ.ۋامبېرىينىڭ يېزىشچە، يېڭى ئۆرگەنچتە يېتىشتۈرۈلگەن پاختا ئەڭ سۈپەتلىك، ھازارا سىپ پىلىسىدىن ئېلىنىدىغان يىپەك پۈتۈن خىۋە خانلىقىدا ئەڭ قىممەتلىك ھىساپلىنىدۇ. گۈرلاندا ئەڭ ياخشى شال ئۆستۈرلىدۇ، بۇخارا ۋە قوقاندىمۇ شۇنداق.

ھ.ۋامبېرى تۈركىستاننىڭ ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىنى تەسۋىرلەشكىمۇ ئالاھىدە ئېتبار بەر گەن. ئۇ ھەر بىر ئۆسۈملۈكنىڭ ناملىرىنى، قانچىلىكتىن ھوسۇل بېرىدىغانلىقىغىچە ئېنىق ھىسا پلاپ كۆرسەتكەن ۋە بۇلارنى ياۋروپادىكى شۇخىل ئۆسۈملۈك بىلەن سېلىشتۇرغان. بۇخارا بۇغدىيى ئەڭ سۈپەتلىك سانىلىدۇ، ئۇ ئۇزۇن، ئىنچىكە قىزىل رەڭلىك دان تۇتىدۇ. بۇخىل بوغدا يىنىڭ ئۇنىدىن بۇخارا شەھرىدە شۆھرەت قازانغان نان يېقىلىدۇ. بۇ بۇغداي ھەممە يەردە شىرمان نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان. بۇ يەرلەردە گۈرۈچمۇ ناھايتى مول، ئۈچلى خانلىقتا ئۆزئارا ئالماشتۇرلىدۇ. مايلىق

زىرائەتلەردىن كۆنجۈت بۇ يەردە ياخشى ئۆسىدۇ ۋە جىق ياغ چىقىدۇ. زىغىردىن چىقىرىلىدىغان ياغ تائامغا ئىشلىتىلىدۇ. پاختىنىڭ چىگىتىدىن چىقىرىلىدىغان ياغ تائامغا ئىشلىتىلمەيدۇ، دەپ خاتىرلەيدۇ ھ.ۋامبېرى. («ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېركلىرى »لوندون،1868 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 223 ـ بەت.)

بۇ يەردە بىر نەرسىنى ئالدىن ئېيتىپ قويۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر، شەھەر ـ يېزىلار ۋە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ھەممە ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات دۇنياسى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىنىڭ گېئوگرافىك ۋە ستراتېگىيلىك ئورنى ھەققىدە ھ.ۋامبېرى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىلاجى بار راست گەپنى يېزىشقا تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىيپىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ گېئوگرافىك، سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىملىقىنى توغرا باھالاشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنى ئو تتۇرائاسىياغا ئەۋەتكەنلەرگە شۇلار كېرەك ئىدى. ئۇ ئۆز ۋەزىيپىسىنى ناھايتى ياخشى ئاداقلىدى شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ھ.ۋامبېرى يېزىپ قالدۇرغان ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت ھەر بىر تارىخىي دەلىل بىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىكتۇر.

ھ. ۋامبېرى بۇخارا دۇكانلىرىدا ستىلىپاتقان چاينىڭ 16 خىلىنى كۆرگەن ۋە ئۇلارنىڭ نامىنى ئۆز خاتىرىسىگە يېزىۋالغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مانا بۇلار: قىرىقما، ئەخبار، ئاق قۇيرۇق ،قاراچاي، سىيپەتچاي،ئىش باغلۇ،گۈلبوي،پاشۇن،مۇشۇك كۆز،لانكا...(«ئوتتۇرائاسىيائوچېركلىرى»لوندون،1868 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى،94 ـ بەت.)

ھ.ۋامبېرىينىڭ ئۆلچىشىچە، ئاشۇ ۋاقىتلاردا سەمەرقەند شەھرى كۆلەم جەھەتتىن تېھرانغا تەڭ بولىغان،لېكىن ئۆيلەر بىر ـ بىردىن يىراقراق جايلاشقان،چوڭ بىنالار بولىسا،ياخشى يەرلەر گە سېلىنغان.(«ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېركلىرى»لوندون،1868 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 112 ـ بەت.)

ھ.ۋامبېرى قارش شەھرىدە ئاران ئۈچ كۈنلا تۇرغان بولسىمۇ،لېكىن ئۆيەرلەردىنمۇ نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىغان.«قارش قەدىمكى نەقشەبدۇر» دەپ يازىدۇ ئۇ،ئۆزىنىڭ مەقستى ۋە سودا ئەھمىيتى جەھەتتىن«بۇ شەھەر بۇخارا ئەمرلىگىدە ئىككىنچى شەھەر ھىساپلىنىدۇ. ئەگەر سىياسىي تو پىلاڭلار توسقۇنلۇق قىلمىغاندائىدى قارش، بۇخارا، كابۇل ۋە ھىندىستان بىلەن بولىدىغان سودا ـ سېتىقتا

مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ۋامبېرىنىڭ ھىسابىغا قارىغاندا «ئەينى ۋاقىتتا قارشىنىڭ ئاھالىسى 25 مىڭ، بۇشەھەردە ئاساسەن ئۆزبېكلەر ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار يەنە ئەمىر ئەسكەرلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.»(«ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى»لوندون،1868ـيىل ئىنگلىزچە نەشرى،114ـ بەت.)

ۋامبېرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىقىپ كېتىشى

قارش ھ.ۋامبېرى تۇرغان ئاخىرقى شەھەر ئىدى. ئۇ بۇ شەھەردە ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن،ئامۇ دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپ ھىراتقا يول ئالغان.

ئۇ 1863ـيىلى 15ـنويابىر كۈنى 2000 كىشىلىك كارۋان بىلەن ھىراتتىن مەشھەدكە قاراپ يولغا چىققان ۋە ئون ئىككى كۈن يول يۈرۈپ، 27ـنويابىر كۈنى مەشھەدكە يېتىپ كەلگەن،ئۇنىڭ بۇ ئىران شەھرىدە قىلغان بىرىنچى ئىشى، بۇ شەھەرنىڭ گوبېرناتورى (ۋالىسى) بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىنگلىز پولكوۋنىكى دولماج بىلەن كۆرۈشۈش بولدى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ رەشىد ئەپەندى ئۆزىنىڭ دەرۋىشلىك نىقابىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئەسلىدىكى ھېرمان ۋامبېرى قىياپىتىگە قايتىپ كەلدى. ئىنگلىز پولكوۋنىكى دولماج ئۇنى 1863ـيىلى 25ـدېكابىر كۈنىگىچە مېھمان قىلدى. ۋامبېرىنىڭ ئۆز ئېغىزى بىلەن ئىقرار قىلىشىچە، يېڭى يىل كۈنىنى (مىلاد بايرىمىنى)مېھماندوست پولكوۋنىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ، 26ـ دېكابىر كۈنى تېھرانغا قاراپ ماڭدى. بۇ قېتىم ئۇ كارۋانلارغا قوشۇلماي، ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىۋالغان ياردەمچىسى، ھەمراھى موللا ئىسھاق بىلەن بىللە ئاتقا مىنىپ يولغا چىقتى. ۋامبېرى تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت دەسلەپكى مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەنگەن ئىنگلىز پولكوۋنىكى ۋامبېرى ۋە موللا ئىسھاقنى ناھايىتى ياخشى بېقىلغان ئىككى ئات، يېتەرلىك يول ئەنجاملىرى ۋە خىراجەت بىلەن تەمىنلىگەن.

ـ 1864يىلى 10ـيانۋار كۈنى ھ.ۋامبېرى ۋە موللا ئىسھاق تېھرانغا يېتىپ كەلدى.«كۆرۈ نۇشۇم كۆلكىلىك ۋە ئايانچلىق بولىشىغا قارىماي، مەن تۈركىيە ۋە ئەنگلىيەنىڭ تېھراندىكى ئەلچىخانىلىرىغا بېرىشقا ئالدىرىدىم. ئىنگلىز ئەلچىسى مېنى ناھايىتى قىزغىنلىق ۋە سەمىمىي لىك

بىلەن كۆتۈۋالدى»دەپ يازىدۇ.ھ.ۋامبېرى(«ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى»لوندون، 1868ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 146ـ 147ـ بەتلەر). ھەققەتەنمۇ بۈيۈك بېرتانىيىنىڭ ئىرا ندىكى ئەلچىسى ئالىسو ۋە ئۇنىڭ ئىككى ياردەمچىسى تامسون ۋە ۋاتسون ۋامبېرىغا خېلى ئوبدان ئىلتىپات كۆرسەتتى، ئەنگلىيىگە يېتىپ بېرىشىغىلا ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خاتىرىلىر نىي نەشىر قىلىشقا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ يەردە بىر ئىشقا دىققەت قىلىش كېرەك: ھېچقانداق بىر ئەلچىخانىدىكى سۆھبەتلەر ۋە كۆرۈشۈشلەرگە موللا ئىسھاق قاتناشتۇرۇلمىدى. ھ.ۋامبېرىنى ئەلچىلەر، ئىنگلىز ھەربىيلىرى كۈتىۋېلىۋاتقاندا، موللا ئىسھاق ئۆزىنى مەككىگە ئېلىپ بارماقچى بولغان ھەمراھىنى كۈتۈپ كارۋان سارايدا ئولتۇردى.

ۋامبېرىينى تېھراندا ئىراننىڭ ياش شاھى نەزىردىنمۇ كۈتىۋالدى.«ياش نەزىردىن شاھ مېنى باغدا قوبۇل قىلدى»، ـ دەپ ئەسلەيدۇ ۋامبېرى، ـ «ئۇ مەندىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلار، خانلىقلارنىڭ ئەھۋالى ھەققدە سورىدى. مەن ئۇلارنىڭ سىياسي ئەھۋالىنىڭ خىلىلا ئاجىز ئىكەنلىگىنى ئېيتتىم. ئۇ ياش شاھ يېنىدا ئولتۇرغان ۋەزىرىگە بىز ئون بەش مىڭ ئەسكەر بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېڭەلەيمىز»ـ دېدى.(«ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى » لوندون،1868ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى،147ـ بەت.)

ھ. ۋامبېرى تېھراندا ئىككى ئاي تۇرغاندىن كېيىن، 1864ـ يىلى مارتتا ئىستامبۇلغا قاراپ يولغا چىقتى. ئىستامبۇلدا بار-يوقى ئۈچ سائەتلا تۇردى. بىراق شۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىمۇ ئەنگلىيىلىك دىپلومات فون پىروكاش ئوستىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆزى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىگەللىگەن ماتېرىياللارنى قانداق ئىشلەپ چىقىش توغرىسىدا مەسلىھەت سورىدى. ئاندىن ئۆز ۋەتىنى ۋېنگرىيە پايتەختىگە ئۆتۈپ كەتتى. شۇچاغدا ۋېنگرىيە پايتەختى بولغان پېشتتا موللائىسھاقنى دوستلىرى قېشىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى يالغۇز لوندونغا ـ ئۇنى ساقلاپ تۇر غان شەھەرگە يول ئالدى. ھ. ۋامبېرى 1864ـ يىلى 9ـ ئىيۇل كۈنى لوندونغا يېتىپ باردى. «مەن ۋەتىنىمدىمۇ ئانچە ئۇزاق

تۇرالمىدىم، چۈنكى ئەنگلىيە پادىشاھلىق گېئوگرافىيە جەمئىيىتىگە ئۆز دوكلاتىمنى ئېلىپ بېرىشقا ئالدىراۋاتاتتىم»، ـ دەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنىدۇ. ھ. ۋامبېرى. («ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېركلىرى»لوندون، 1868 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 148 ـ بەت.)

ۋامبېرى«ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان سەپىرىنىڭ ئەسلى ماھىيتى توغرىسىدا؛ سەپىرىمنىڭ ئەسلى سىرى،ماھىيتى پەقەت ئىككى كىشىگىلا ئايان ئىدى»،دەپ يازىدۇ، لېكىن بۇ سەپەر نىڭ سىرىدىن كىملەرنىڭ خەۋەردار ئىكەنلىگى ھەققىدە پەقەتلا ئېغىز ئاچمايدۇ.

ۋامبېرىنىڭ«دوكلات»ى

تارىختىن مەلۇمكى،19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئېنگلىزلار ھىندىستاندا ئۆز مۇستەملىكە ھاكىمىيتىنى مۇستەھكەملەپ،ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا خىرىس قىلىۋاتقان بىر دەۋىر ئىدى. بۇ چاغلاردا روس ئارمىيىسمۇ ئورىنبورگقا ئورۇنلىشىۋېلىپ، كەلگۈسىدىكى يۈرۈشلىرى نىڭ نىشانىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتىشنى پىلانلاۋاتاتتى. ئېنگلىزلارغا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسي ئەھۋالى، جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئاھالىسى، ئارمىيىسى ھەققىدىكى ئېنىق مەلۇماتلار ھاۋا بىلەن سۇدەك زۈرۈرئىدى. ئۇلار بۇ توغرىسىدا ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتكەن بىر نەچچە سەييالار مەقسىتىگە يېتەلمىدى؛ ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆلتۈرۈلدى، چۆللەردە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ تۈگەشتى، بەزىسى چېگرالاردا تۇتۇپ قېلىندى.پەقەت ھېرمان ۋامبېرى ئېنگلىزلارنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدى ئىدى،ئۇ بۇ ئۈمىدنى جايىدا ئاقلىدى. ۋامبېرى ئەقىللىق، بىلىملىك، ھىلىگەر ئادەم ئىدى. ئۇ ھەرقانداق قىيىنچىلىققا جىسمانەن چىدايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ياشلىقى قاتتىق قىيىنچىلىقتا ئۆتكەن ئىدى؛ ئۇ ئۆز سەپىرى جەريانىدا سورا لغان ھەرقانداق سوئالغا ئېنىق، توغرا جاۋاپ بەردى،چۈنكى ئۇنىڭ بىلىم دائىرىسى كەڭ ئىدى.

ھ. ۋامبېرى 1864 ـ يىلى 28 ـ سىنتەبىركۈنى لوندوندا ئۆز دوكلاتىنىڭ كىرىش سۆزىنى يېزىپ تۈگەتتى.

ئۇ خىۋە، قوقان خانلىقلىرى ۋە بۇخارا ئەمىرلىكىگە ئائىت كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى توپلىغان

ئىدى.ئۇ، ئۆز دوكلاتىدا سىياسىي جەھەتتىن بىرنەچچە يىل كېيىن يۈزبېرىش ئېھتىمالى بولغان ۋەقەلەرنى ئالدىن پەرەز قىلىپ ئوتتۇرىغا قويالىدى. مانا بەزى دەلىللەر. 1› ھ.ۋامبېرى خىۋە خانلىقىغا قاراشلىق 32 شەھەر ۋە جاينىڭ ئامۇ دەرياسىدىن قانچىلىق يىرا قلىقتا جايلاشقانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئۇنىڭ ئېنىقلىشىچە،«بۇخارائەمىرلىكىنىڭ ئارمىيىسى 40مىڭ ئاتلىق، كېرەك بولغاندا 60 مىڭ ئاتلىقتىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئالاقە قىلىدىغان يوللىرى؛1›خىۋە ـ ئاستىراخان ـ ئورېنبور گ. 2› بۇخارا ـ ئورېنبورگ. 3› تاشكەند ـ ئورنبور گ ۋە قىزىليار(پېتروپاۋلوسك)؛ 4›نەمانگان ۋە ئاقسۇ ـ پولات(سىمپالاتىنسك.«(

ھ.ۋامبېرى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرى ئارىسىدىكى يوللارنى، بۇ يوللارنىڭ قانچە پەرسەخ كېلىدىغانلىقىنمۇ دوكلاتىغا كىرگۈزگەن.

ئۇ ئەنگىلىيىنى ئوتتۇرا ئاسىيانى روسىيىگە بەرمەسلىككە چاقىرغان، روس ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغان. «بەزى كىشىلەر لوندوندا، ئوتتۇرا ئاسىيا بىزگە كېرەك ئەمەس،كېرەك بولسا روسلا ئېلىۋەرسۇن، دېيىشىپ يۈرگىدەك »، ـ يازىدۇ،دوكلاتىدا ۋامبېرى، ـئەنگىلىيىنىڭ ھىندىستانغا روس ئارمىيىسىنىڭ يېقىنلىشىۋا تقانلىقىغا بىپەرۋا قارىشى ئەقلىمگە سىغمايدۇ. روسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەددى ـ ھەركە تلىرىنىڭ مۇئاپىقىيەت قازىنىشىدىن گۇمانلانمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن روسىيە پەقەت بۇخارا بىلەنلا بولدى قىلارمۇ؟ ئۆز ئىنتىلىشلىرىنى ئامۇ دەرياسى بىلەن چەگرالاپ توختاپ قالارمۇ؟ مەن روسىيە تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن،بىركۈنلەر كېلىپ ئابغانىستان ياكى شىمالىي ھىند ىستانغا قاراپ كېڭىيىشتىن ئۆزىنى توختىتىۋالالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىيالايدىغان سىياسەتچى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇ دوكلاتىنى مۇنۇ سۆزلەر بىلەن ئاياقلاشتۇرىدۇ:«مېنىڭ كەمتەرانە پىكرىم شۇ. بېرتانىيە شىرى روس ئېيىقى بىلەن بۇ مەملىكەتتە دۈشمەنلىشەمدۇ ياكى ئولجىلىرىنى ئاكا ـ ئۇكىلارچە تەڭ بۆلۈشۋالامدۇ، بۇ شۇنداق مەسلىيكى، مەن ئۆزىنى فىلولوگىيە تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان بىر دەرۋىش سۈپىتىدە بۇنىڭغا

تېخمۇ يېقىنراق گەپلەرنى قىلالمايمەن». تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ مەسىلىگە ئەڭ يېقىن گەپلەرنى قىلالىغان ئادە ملەرنىڭ بىرى دەل مۇشۇ دەرۋىشنىڭ ئۆزى بولۇپ قالدى. «لوندون كۆندىلىك تىلگراف گېز تى»نىڭ 1864 ـ يىلى 10 ـ سىنتەبىردىكى ساندا،بۇ گېزىتنىڭ پېتربورگدىكى مۇخبىرى روسلارنىڭ تاشكەندنى ئىشخال قىلغانلىقى ھەققدە خەۋەر بەردى. ھ. ۋامبېرى شۇ كۈندىكى دوكلاتىدا «بۇنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، بىراق روسلارنىڭ ئۇ يەردە ھەركەت قىلىۋاتقانلىقىدا گۇمان يوق» دەپ يازىدۇ. ئۇ، بۇ مەسىلىدىمۇ راست گەپ قىلغان بولۇپ چىقتى. راست دېگەندەك گېنىرال چېرنيايېف 1864 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ئەسكەرلىرنى باشلاپ تاشكەند شەھەرىگە يېقىنلاشتى ۋە 2 ـ ئۆكتەبىر كۈنى قوقەند يولىغا چىقىپ، شۇ تەرەپتىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن بۇ ھۇجۇمدا ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولدى، پودپولكوۋنىك ئوبۇخ ئۆلدى، پودپولكوۋنىك لېرخې يارادار بولدى. بۇ مۇۋاپىقەتسىز ھۇجۇم تۈپەيلىدىن،گېنىرال چېرنيايېفنىڭ ئەسكەرلىرىدىن 18 ئۆلدى(بۇنىڭ ئىككىسى ئوفىتسىر)، 60 كىشى يارىدار بولدى(بۇنىڭمۇ ئىككىسى ئوفىتسېر). بۇ ئەترەت 4 ـ ئۆكتەبىر كۈنى تاشكە ندتىن يىراقلىشىپ، 7 ـ ئۆكتەبىر كۈنى چىمكەنتكە قايتىپ باردى.

روسلار تاشكەندنى 1865 ـ يىلى 14 ـ ئىيۇندىن 15 ـ ئىيۇنغا ئۆتەر كېچىسى قاتتىق ھۇ جۇم بىلەن بېسىۋالدى.

تەبىئىيكى، ۋامبېرى بۇ دوكلاتىدىن كېيىن نېمىگە ئېرىشتى؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. سوۋېت روس يازغۇچىسى ن. تېخنوۋنىڭ خىلىلا يوزە يېزىلغان«ۋامبېرى قىسسى»ناملىق ئەسرىدە (1963 ـ يىل تاشكەند نەشرى). بۇ سوئالغا ۋامبېرىنىڭ تىلىدىن مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ:«تارتقان مۇشاقەتلىرىم، ئاقارغان چاچلىرىم ئۈچۈن ھېچكىم بىر تىيىن بەرمىدى». بۇ ئەلۋەتتە،ھەققەتتىن يىراق پىكىر. كېيىنكى يىللاردا تېپىلغان ھۆججەتلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى،ۋامبېرى بۇ ئالاھىدە خىزمەتلىرى بەدىلىگە، ئامېرىكىلىق ئالىم ھ. ب پاكسوينىڭ ئېنىقلىشىچە، بىرتانىيە تاشقى ئىشلار ئىدارىسى تەرىپىدىن مۇنتىزىم ئايلىق، كېيىنچە بولسا، پېنسىيە پۇلى بىلەن تەمىنلىنىپ تۇرغان(بۇ ھەقتە

ھ.ب. پاكسوي. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېڭى داستانلىرى.«سېنترال ئېيشەن»ژورنىلى 6 ـ توم،1 ـ سان،1987 ـ يىلى،91 ـ بەتكە قاراڭ). ئەگەر ۋامبېرىنىڭ 1913 ـ يىلى ۋاپات بولغانلىقىنى ئەسلىسەك، 49 يىل جەريانىدا بېرتانىيە ھۆكۈمىتى بۇ ماجار سەيياھىغا پۇل بېرىپ تۇرغان بولۇپ چىقىدۇ. ئەمما ئىنگلىزلارنىڭ بىرسىگە بىكارغا پۇل بەرمەيدىغانلىقى ھەممىگە ئايدىڭ.

ھ. ۋامبېرى لوندوندا بىر يىل تۇرۇپ، 1864 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ساياھىتىدىن يازغان كىتابىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن ياۋروپاغا مەشھۇر بولۇپ كەتتى. بىر يىلدىن كېيىن،1865 ـ يىلى پارىژ ئارقىلىق ئۆز ۋەتىنىگە قايتتى ۋە بۇداپېشت ئونىۋېرسىتېتىدا شەرق تىللىرى پروفېسسورى بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى.

ھ. ۋامبېرى 1913 ـ يىلى 15 ـ سىنتەبىر كۈنى بۇداپېشتتا 81 يېشىدا ۋاپات بولدى.

ۋامبېرىنىڭ ئەسەرلىرى

ھېرمان ۋامبېرىغا ئالاھىدە شۆھرەت ئاتا قىلغان ئەسەر، شەكسىزكى، 1864 ـ يىلى لوند وندا ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغان«ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت»ناملىق كىتابى ھېساپ لىنىدۇ. بۇ كىتاب ئىككى قىسمىدىن ئىبارەت بولۇپ،1 ـ قىسمىدا ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ساياھەت خاتىرىلىرى ئورۇن ئالغان. 2 ـ قىسمىدا بولسا، تۈركمەنلەر، خىۋە، قوقان، بۇخارا،جۇڭگو، تۈركىستانلارنىڭ تارىخى، سىياسىي ئەھۋالى، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى قاتارلىقلار ئورۇن ئالغان. بۇ كىتاپنىڭ 23 ـ ، 24 ـ باپلىرىدا ۋامبېرىنىڭ ئەنگلىيە ئۈچۈن كېرە كلىك بولغان خۇلاسىلىرى يېزىلغان. 23 ـ باپتا ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىي ئالاقىلىرى تەتقىق قىلىنغان. 24 ـ باب ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادا روسلار نىڭ ئىنگلىزلار بىلەن بولغان زىددىيەتلىرى. روسىيە ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسپە تەن تۇتقان ئورنى،دەپ ئاتالدى. ھ. ۋامبېرى بۇ باپتا ئاشۇ دەۋردىكى ئەنگلىيە ھۆكۈمران دائىرلىرى ئۈچۈن تەييارلىغان خۇلاسىلىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ كىتاب بىرلا ۋاقىتتا روسىيە ئۈچۈنمۇ ئەھمىيەتلىك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇ دەرھال رۇس

تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، **1865** ـ يىلى سانكت پېتىربورگدا نەشر قىلىندى.

بۇ كىتاپنى غەرپنىڭ بەزى مۇتەخەسسىلىرى ناھايىتى قىساقا دەپ تەنقىد قىلىشىدۇ. ۋامبېرى ئۆزىنىڭ ئۆزىمۇ بۇ تەنقىدنى قوبۇل قىلىپ، **1868** ـ يىلى «ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېركلىرى» ناملىق كىتاپنى نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتاب بىرىنچى قېتىم نەشرقىلىنغان كىتاپنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلىغان. بۇ كىتاب **17** باب بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تارىخى ۋە ئاشۇ دەۋر ھاياتىنىڭ تۈرلۈك مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان. ئۇنىڭدا خىۋە ئوردىسى، ئۈچ خانلىقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇران ۋە ئىران قەبىلىلىرىنىڭ ئېتنوگىراپىك خۇسۇسىيەتلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىغا ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈلگەن. بۇ كىتاپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتى دېگەن بابىدا ئاللايار، نىزامى، ناۋايى، فۇزۇلى، مەشرەپ غەزەللىرىنىڭ تەرجىمىلىرى، «قىسسەئىي سەيپۇل مۇلۇك»ناملىق ئەسەردىن پارچىلار بېرىلگەن. جۈملىدىن، ئەلشىر ناۋايى ھەققىدە ۋامبېرى مۇنۇلارنى بايان قىلىدۇ:«مەشھۇر كىشىلەر ناۋايىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پەخىرلىنىشىدۇ...، ناۋايى كەم ئۇچرايدىغان شېئىرىيەت داھىيسىدۇر. ئۇ ھەم ناھايىتى كۆپ مەھسۇلاتلىق شائىربولغان. ئۇ ئۆزىدىن كېيىن شېئىرىيەت، تارىخ، ئېتىكا ۋە مەنتىقىگە دائىر 32 ئەسەر قالدۇرۇپ كەتكەن...ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي شېئىرىيىتىنى ئۇلۇغلىغانلىقىنى، يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي مۇمكىن ئەمەس».بۇ كىتاب يېزىلغان يىللارغىچە ۋامبېرىنىڭ ناۋايى ئەسەرلىرى بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىقمىغانلىقىنى سېزىۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن،ئۇ«لەيلى ۋە مەجنۇن»ناملىق ئەسەرنى تەتۈرسىچە«مەجنۇن ۋە لەيلى»دەپ ئاتايدۇ. «قىسسەئىي سەيپۇل مۇلۇك»نى ناۋايى يازغان ئەسەر دەپ ھىساپلايدۇ.

ـ **1867**يىلى ۋامبېرىنىڭ يەنە بىر كىتابى نەشر قىلىندى. بۇ ئۇنىڭ بۈگۈنگىچە قەدرىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان«چاغاتاي تىلىدىن قوللانما» ناملىق ئەسەردۇر. بۇ كىتاب لىپزىگ شەھرىدە نېمىس تىلىدا بېسىلغان. ئەسەر ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئىلمىي تەتقىقات، مەتىنلەر ۋە لوغەتلەردىن ئىبارەت ئىدى. كىتاپنىڭ بىرىنچى قىسمىدا تىلنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىغا ئائىت مەلۇماتلار، ئىككىنچى

قىسمىدا تاھىر ۋە زوھرە، يۈسۈپ ۋە ئەخمەت، ھۆرلىقا ۋە ھەمرا جانغا ئوخشاش ئەسەرلەر بېرىلگەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن 112 نى ئەرەب ۋە لاتىن يېزىقلىرىدا ترانسكرىپكسىيە قىلىپ كەلتۈرگەن ۋە نېمىس تىلىدىكى تەرجىمىسىنىمۇ قوشۇپ بەرگەن. ئاللايار، نەسىمي، ناۋايى، فۇزۇلى غەزەللىرىدىن نەمۇنىلەرنىمۇ مۇشۇ كىتاپقا كىرگۈزگەن.

ھ.ۋامبېرىنىڭ ئىلمي جەھەتتىن چوڭ ئەھمىيەتكە سازاۋەر بولغان ئەسەرلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ 1873 ـ يىلى يېزىلغان «بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھىرتارىخى»ناملىق ئەسىرىدۇر. مۇئە للىپ ماۋەرائۇننەھىر (ئىككى دەريا ئارىلىقى)نى ترانساكسونىيە ئاتالغۇسى بىلەن ئاتىغان. بۇ كىتاپتا ئۇ بۇخارانىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدىن تا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە بولغان تارىخىنى ئېلان قىلىنغان ۋە ئېلان قىلىنمىغان، ئۆزى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئېلىپ كە لكەن قولىيازمىلار ئاساسىدا بايان قىلىغان. بۇ كىتاب ئىككى قىسمىدىن تەشكىل تاپقان: بىرىنچى قىسمى«قەدىمكى ياكى ماۋەرائۇننەھىر تارىخى» ،ئىككىنجى قىسمى«يېڭى ياكى بۇ خارا ئەمىرلىكى تارىخى.«

ۋامبېرىنىڭ بارچە ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان كىشى، ئۇنىڭ بىر خۇسۇسىيىتىگە دىققەت قىلماي قالمايدۇ: ئۇ ئالدىنقى ئەسەرلىرىدە يول قويغان خاتالىقلىرىنى كېيىنكى بۇ كىتا بىدا ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارنى تۈزىتىشكە تىرىشىدۇ. غەرب ئالىملىرىدىن بىر قانچىسى ئوتتۇرا ئەسىر ئۆزبېك تىلىنى چاغاتاي تىلى دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتاپ كەلگەن ئىدى. ۋامبېرىمۇ ئۆزىنىڭ«چاغاتاي تىلى قوللانمىسى»ناملىق كىتابىدىمۇ شۇنداق ئاتىغان. ئەمما «بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھىر تارىخى»ناملىق كىتاپتا بولسا، بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشكە تىرىشىپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ:« مەنمۇ‹ چاغاتاي تىلى قوللانمىسى ›ناملىق كىتابىمدا نۇرغۇنلىغان ياۋروپا ئالىملىرى نىڭ پىكرىگە قوشۇلغان ئىدىم، ئەمما بۇ پىكرلەر مۇنداق ئىككى خاتالىققا يول قويغان؛ بىرىنچىدىن ؛ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىسى ھېچقاچان ئۆز يۇرتىنى ،ئۆز تىلىنى چاغاتاي دەپ ئاتىمىغان. بۇ نام ئامۇ دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپى ـ ئېراندا پارسلارتەرىپىدىن قوللىنىلغان. بۇ ئۆ لكىنىڭ ئاھالىسى ئۆز يۇرتىنى تۈركىستان، ئۆز تىلىنى تۈركىي تىل دەپ ئاتاپ كەلگەن. ئىككىنچىدىن ؛ چاغاتاي مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن نېمگە

ئېرىشكەن بولسا ئېرىشكەن بولسۇن، لېكىن مۇھەببەتكە، ھۆرمەتكەئېرىشەلمىگەن»(«بۇخارا ياكى ماۋەرا ئۇننەھىر تارىخى»لوند ون،1873 ـ يىل ئېنگىلىزچە نەشرى، 158 ـ بەت.)

ۋامبېرى بۇ كىتابىدا ئەمىرتۆمۈر تۈزۈكلىرى ھەققىدىمۇ قىزىق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ: « ئىنگلىز مايورى دېۋىي ياۋروپاغا ھىندىستاندىن ئېلىپ كەلگەن تۈزۈكى تۆمۈر 457 سەھىپىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ سەككىزدىن بىر قىسمى پارس تىلىدا ئىدى. چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ئەسلى نۇسخىسى يەمەن گۇبېرناتورى جەفەر كۇتۇپخانىسىدىن تېپىلغان. ئۇ ئاۋۋال پارس تىلىغا، كېيىن 1830 ـ يىلى مايور ك. ستۇئارت تەرىپىدىن ئىنگلىز تىلىغا ئۆرۈلگەن»(«بۇخارا ياكى ماۋەرا ئۇننەھىر تارىخى»لوندون،1873 ـ يىل ئېنگىلىزچە نەشرى،183 ـ بەت.)

ھ.ۋامبېرى ئەمىر تۆمۈرنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:«ھىرات ۋە ھەلەپ ئالىملىرى بىلەن مۇناز ىرلىشىپ،ئۆزىگە ئوخشاش پىكىر قىلمىغانلارنى مۇكاپاتلىغان ئادەمنى ئاچچىغى يامان ۋە ياۋايى دېيىش مۇمكىنمۇ؟ بورسادىن پۈتۈن بىر كۇتۇپخانىنى كارۋان تۆگىلىرىگە ئارتىپ سەمەر قەندىگە كۆچۈرۈپ كەلگەن كىشىنى تەرسا ۋە ياۋايى دېيىشكە بولامدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تۆمۈر نى چىڭگىزبىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغۇچىلارئىككى قېتىم خاتالاشتى»(«بۇخارا ياكى ماۋەرا ئۇننە ھىرتارىخى»لوندون،1873 ـ يىل ئېنگىلىزچەنەشرى،219 ـ بەت). ۋامبېرىنىڭ كۆرسىتىشىچە ،تۆمۈرنىڭ ئوردىسىدا چەتئەللىك نۇرغۇن ئالىم ۋە رەسساملار بارئىدى. بىراق مەملىكەتنىڭ رەسمىي تىلى ھەمىشە تۈركىي تىل بولۇپ كەلگەن. تۆمۈرنىڭ ئۆزىمۇ«تۇرۇكلەر»نى تۈركىي تىلدا راۋان ھەم تەسىرلىك يازغانلىقى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

ۋامبېرى يەنە بۇ كىتابىدا ئۇلۇغبەگنى ناھايىتى چوڭ بىلىپ ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا توغرا ،خالىس باھا بېرىدۇ: «ئۇلۇغبەگ بىرىنچى ئەسىركېيىنمۇ غەرب دۇنياسىدا نامى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان، تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىدىن بولغان يېگانە كىشى ئىدى...ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر تۆمۈرىيلەرنىڭ ئالتۇن دەۋرى ھىساپلىنىدۇ.«

ھ. ۋامبېرى تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى ھەققىدىكى پىكرىنى بابۇرغا بەرگەن باھاسى بىلەن خۇلاسە

قىلدۇ:« بابۇر مىرزا ئۆز ئەسرىدە(«بابۇرنامە»)دە بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىمۇ شائىر ، سىياسىئون ،ھەم پەيلاسوپ شەكلىدە گەۋدىلىنىدۇ. تۈركىي ۋە پارس خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىيا تىدا ئۆزىدە شۇنچىلىك پايدىلىق پىكىرلەرنى ئاددىي ، راۋان تۈركىي تىلدا بايان قىلغان بۇ نىڭغا ئوخشا بىرەر كىتاب يوق.» قوڭغىراتلىق موللا ئىسھاق قايداسەن؟

ۋامبېرىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت»ناملىق كىتابىدىن مەلۇمكى ، ئۇ خىۋەنىڭ مۇھەممەدەمىن مەدرىسىدە ئەسلى قوڭراتتىن بولغان موللا ئىسھاقنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ .موللا ئىسھاق مەككىگە بېرىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن كىشى ئىدى. ئۇ ۋامبېرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇنىمۇ مەككىگە بارىدۇ دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا ھەمرا بولغان. خىۋەدىن كېيىن بۇخارا ، سەمەرقەند ۋە قارىشلاردا بىللە بولۇپ ، ۋامبېرى موللا ئىسھاق ۋە يەنە نامەلۇم ئىككى ھاجى بىلەن ھىرات تەرەپكە كېتىشكەن. موللا ئىسھاق سەپەر جەريانىدا ئۇنىڭغا ھەقىقى دوستلۇق مېھرىنى يەتكۈزدى. ۋامبېرىنىڭ ئىقرار قىلىپ يېزىشىچە ، ئۇنى ھەممە ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەن ، باشقا ھەمرالىرىنىڭ ھەممىسى تاشلاپ كەتكەن. لېكىن پۈتۈن سەپەر جەريانىدا بىرلا موللا ئىسھاق ئۇنى يالغۇز قويمىغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ئۇ ھەمىشە يېشى ئۆزىدىن چوڭ بولغان راشد ئەپەندى ـ ۋامبېرى بىلەن بىر تاۋاقتا تاماق يېمىگەن ، ۋامبېرى تاماقتىن ئېلىپ بەر مىگىچە ئۇنىڭغا قول سوزمىغان،ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا،يانمۇ ـ يان، تەڭ تۇرۇشنىمۇ ئەدەپ يتىن دەپتىن چىققانلىق دەپ بىلگەن. «ئۇ ئەڭ ھالال ، ئاق كۆڭۈل ئىنسانىدى، ئۇنىڭ غەرەزد ىن خالى، پاك مۇناسىۋىتى خىۋىپ ـ خەتەرگە تولغان تەنھا سەپىرىمدە ماڭا دالدا ۋە يۆلەنچۈك بولدى» ،دەپ ئەسلە يدۇ سەيياھ.

موللا ئىسھاقنىڭ تەقدىرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن،بىزدە ، ۋامبرىي نېمە ئۈچۈن ئۇنى ياۋروپاغا بىللە ئېلىپ كەتتى؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇ سۇئالغا «ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېر ىكلىرى»دېگەن كىتاپتا،ۋامبېرىنىڭ ئۆزى جاراپ بېرىدۇ:« بىلمىگە ئىنتىلىش ۋە ماڭا يېقىنلى قى ياش مولldىن،راستىنلا ئۇنىڭ بىر ئەرزىگۈدەك كىشى بولۇپ چىقىشىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن،شۇچاغدىلا مەن ئۇنى تاشلاپ كەتكەسلىككە ۋە ئىلاجى بولسا،ياۋروپاغا ئېلىپ كېتىشنى

قارارقىلدىم. مەن بۇ قارارغا ھىراتقا يېتىلىپ كېلىشىنىڭ ئالدىدىلا كەلگەنىدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن دەسلەپ تونۇشقاندىلا ئۇنىڭ قەلبىنىڭ پاكلىقىنى سەزگەنىدىم. بۇ مەسىلىدە مەن راستىنلا ئاداشمىغان ئىدىم»(ھ.ۋامبېرى«ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت»لوندون، 1865 ـ يىل ئېنگلىزچە نەشرى ـ 143 ، ـ 145بەتلەر.)

ھ.ۋامبېرى ئىستامبۇلغا يېتىپ كەلگەندە موللا ئىسھاقنىڭ قولىغا پۇل بېرىپ، ئۇنىڭغا مەككىگەبارىدىغان يولنى كۆرسەتتى،لېكىن موللائىسھاق ئۇنىڭغا، ئۆزىنى يالغۇز قالدۇرما سلىقنى، پەرەڭىستاننى(ياۋروپانى) بىر كۆرۈپ، ئاندىن ئىستامبۇلغا قايتىش ئۈمىدى بارلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋامبېرى موللا ئىسھاقنى ۋېنگرىيىگە بىللە ئېلىپ بېرىپ، ئۆ يەردىكى دوستلىرىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى لوندونغا كەتتى.

ھ. ۋامبېرىنىڭ دوستى موللائىسھاقنى يېزىدىكى بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، ۋامبېرى بولسا،بىر يىلدىن كېيىن لوندوندىن قايتىپ كەلدى. بۇ بىر يىل ئىچىدە موللائىسھاقنىڭ بېشىدىن قانداق كۈنلەر ئۆتتى؟ دەپ ئويلاشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتە ۋامبېرى مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:« بىر يىلدىن كېيىن ئەنگلىيىدىن قايتىپ كەلسەم، قايسى كۆز بىلەن كۆرەيكى، موللام ۋېنگرلارنىڭ كىيىمنى كىيىپ، بېشىدىكى سەللە ئورنىغا ماتادىن تىكىلگەن شلەپە كىيىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ۋېنگىرتىلىنىمۇ تېزلا ئۆگىنىۋالغان ئىدى. مېنىڭ بۇ موللامنى شۇيەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ياقتۇرۇپ قالغان. بۇ قېتىم ئۇنى مودا كىيىنگەن،قوللىرىدا پەلەي قايسىدۇر بىر خانىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يا كۈلۈشنى يا يىغلاشنى بىلە لمەيلاقالدىم. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىكى خىۋە مەدرىسى موللىسىنىڭ ھازىرقى پوزۇر كۆرۈ نىشىنى قاراڭ؟!» (ھ.ۋامبېرى «ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت»لوندون، 1865 ـ يىل ئېنگلىزچە نەشرى150 ـ بەت.)

موللا ئىسھاق راستىنلا ۋېنگىر تىلىدا ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئوبدان ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، ھ. ۋامبېرىنىڭ دوستلىرى ئۇنى ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرق قولياز مىلىرى بۆلۈمىگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. موللا ئىسھاق كېيىن ۋېنگىرتىلىدىكى بەزى ئەسەرلەرنى

تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلغان. ماجار ئالىمى گ.كەرە، ۋېنگرىيە يازغۇچىسى ياناش ئارېنىنىڭ «ئاجايىپ ئاھۇ ھەققىدە ئەپسانە»ناملىق ئەسىرىنى موللائىسھاققا قىلدۇرغان. موللائىسھاق ۋېنگىر ئالىملىرىغا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىلى،ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىنى يېزىشىغا ياردەم بەرگەن، ئۇلار ئەسەرلىرىدە كەلتۈرگەن پاكىت دەلىللەرنى موللائىسھاقتىن ئالغان.

بۇ تارىخىي ۋەقەنىڭ ئېچىنىشلىق تەرىپى شۇكى، موللائىسھاقنىڭ كېيىنكى ھاياتى ۋە قىلغان ئىشلىرى توغرىسىدا ھازىرغىچە ھېچقانداق ماتېرىيال تېپىلغىنى يوق.

ۋامبېرىنىڭ مۇخلىسى، ۋېنگرىيىلىك كىنو رېژىسسورى جوزىف كىش ۋامبېرى بىلەن موللا ئىسھاقنىڭ بىللەچۈشكەن سۈرىتىنى تارتىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان.بۇ سۈرەت قايسى شەھەردە ـ تېھراندىمۇ،ئىستامبۇلدىمۇ ياكى پېشتتىمۇ تارتىلغانلىقى تېخى ئېنىقلانغىنى مەلۇم ئەمەس. سۈرەتتە،موللائىسھاق ئۆز ئۇستازى ئالدىدا ئەدەب بىلەن تىك تۇرغان، ھ. ۋامبېرى شەرقچە ئولتۇرغان.(چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان.(

ھېرمان ۋامبېرى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى موللائىسھاق ھەققىدىكى تارىخ مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت.

بىز ھېرمان ۋامبېرىغا باھا بەرگىنىمىزدە،ئۇنىڭ سەيياھلىقىنى كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىپ، ساياھىتىنىڭ پەقەت سەرگۈزەشتە تەرەپلىرىگە دىققەت قىلىپلا قالماستىن،بەلكى يەنە، ئۇنى دەرۋىش كىيىمىنى كىيىشكە قانداق شارائىت ۋە كىملەرنىڭ مەجبۇر قىلغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم.

ئۆزبېكىستان پەن نەشرىياتى، **1993**ـ يىلى تاشكەندتە نەشر قىلغان «فىتنە سەنئىتى» 2ـ كىتاپتىن ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈلدى.

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:

قاراقاش ناھىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن